بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

2


1984




دۆلەت كومسارى جى پېڭفېي
پاكىستان ئىسلام ئۆلىمالىرى
ۋەكىللەر ئۆمىگى بىلەن
كۆرۈشتى. (سۈرەتنى شىنخۇا
ئاگېنتلىقى ئەۋەتكەن) ←

سكەتلىك سىياسى مەسلى-
كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن
سى، جۇڭگو ئىسلام جەمىيى-
ىڭ پەخرى مۇدىرى بۇرھان
ىدى لىۋىيە قىرائەت
مىگى بىلەن كۆرۈشتى.
رەتنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى
ەتكەن) ↓





پاكىستان ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋەكىللەر ئۆمىگى
بېيجىڭدا تيەنتەن باغچىسىنى سەيلى قىلماقتا.
(سۈرەتنى چېن جىنخۇي تارتقان) ←



→
لىۋىيە قىرائەت ئۆمىگى جۇڭگو ئىسلام
جەمىيىتىنىڭ مەسچىتىدە ئىسلام دىنى
ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا
قىرائەت قىلىپ بەرمەكتە.

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

(پەسىللىك ژورنال)

2

1984 - يىل

(ئومۇمى 15 - سان)


## مۇندەرىجە


**چوڭ غەربىي شىمالنى گۈللەندۈرەيلى، چوڭ غەربىي شىمالنى ئاچايلى**.........خۇافاڭ ( 2 )

**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي مائارىپى**

——1980 - يىلى 8 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 14 - نۆۋەتلىك ئىسلام ئىدىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالا .......................... جاڭ بىڭدو (12)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭدىكى مۇدىرلىرى يىغىنىنى چاقىردى .......................... (19)

سەمىمى كۆرۈشۈش، قىزغىن غەمخورلۇق ..........جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى (20)

**ئىسلام دىنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش** ..........ما جاۋچۇن (21)

كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش ..........ما يۇڭشۈ (29)

مەھەللىمىزدىكى باشلامچى — تۇدۇنفاڭ مەھەللىسىدىكى ئاخۇن خې بىڭجېن ھەققىدە.....چېن خۇا (31)

"كۆچەت تىكىش مەستانىسى" — لەن جەنفۇ.......... ما ياۋخۇا (33)

پىشقەدەم ئاخۇن مەكتەپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلدى..........ساۋ لىجۈەن (36)

شىنجاڭدا ئاخۇنلارنىڭ 2 - قارارلىق بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىلدى ..........ئىبراھىم روزى (39)

قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيىتى ۋە تۇرمۇشى ھەققىدە ..........ياڭ دېشېڭ يۆجياڭمىڭ (40)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى مەسچىتلەر ..........خۇڭ تاۋ (42)

**ئەرەپلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىرىنچى مەسچىدى** ..........سەي شېڭفا (48)

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىمالىي ئافرىقىدىكى 4 دۆلەتنى زىيارەت قىلدى ..........ئىسا ماخمۇت (52)

پاكىستان ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا..........لۇشۇيلىن ۋاڭ شياڭنيەن (55)

لىۋىيە قىرائەت ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى.......... ما شىنيى (58)

كۇۋەيت دىنىي ئىشلار فوندى ۋە ئىسلام ئىشلىرى ۋەزىرى جاسىر جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى .......... لۇ جىنگۇڭ (59)

شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىدىكى خۇاجۆ كوچىسى مەسچىدى ئېچىدىكى شېڭشىن مۇنارىسى .......... (مۇقاۋىدا)



* 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقتى *

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# چوڭ غەربىي شىمالنى گۈللەندۈرەيلى
# چوڭ غەربىي شىمالنى ئاچايلى

## خۇافاڭ

1

يولداش خۇ ياۋباڭ 1983-يىل 5-ئايدا شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 7-، 8-ئايلاردا يەنە چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكىلىرىدە 3 ھەپتە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ چىڭخەيدە خەيبېي زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، خەيشى زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، خەينەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت ئۈچ ئوبلاستتا ۋە شىنىڭ شەھىرىدە زىيارەتتە بولدى، سايدام ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي جايلىرىغا ۋە خۋاڭجۇڭ ناھىيىسىگە باردى؛ گەنسۇنىڭ تيەنشۈي، چىڭياڭ ۋىلايەتلىرىدە ۋە لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا زىيارەتتە بولدى؛ يەنە يەنئەندە ئىككى كۈن تۇردى. 8-ئايدا، جاۋ زىياڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغىچە جەمى 11 ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە شەھەرنى ئارىلاپ، 6 مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن يول باستى. تەكشۈرۈش داۋامىدا، يولداش خۇ ياۋباڭ بىلەن يولداش جاۋ زىياڭ يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى گۆشتى-دۆيلەر، زاۋۇت-فابرىكا ۋە ھەربى قىسىملارغا بېرىپ، ھەر مىللەت دېھقانلىرى، چارۋىچىلىرى، كادىرلىرى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى ۋە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرىنى يوقلىدى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن سۆھبەتلەشتى، ئۇلارنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. بۇلارنى تۆۋەندە 3 مەسىلىگە بۆلۈپ تونۇشتۇرىمىز.

............................................................

بىرىنچى، چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش، شىنجاڭنى ئېچىش.

يولداش خۇ ياۋباڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە كېلەركى

ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنى پائال تۈردە ئېچىپ، چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىپ، شىنجاڭنى ۋە پۈتكۈل چوڭ غەربىي شىمالنى مەملىكىتىمىزنىڭ 21 - ئەسىردىكى ئەڭ ئاساسلىق بازىسىغا ئايلاندۇرۇش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە، بۇ — مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئورتاق قارىشى، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى ۋە ئومۇمىي جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى، دېدى.

جاۋ زىياڭ زۇڭلى مۇنداق دېدى: چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش ئىشىدا شىنجاڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق بولۇشى شىنجاڭنىڭ چېگرا رايون بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇندا تۇرغانلىقىدىنلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىدىن بولغان. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ بايلىقى مول، ئېچىش جەھەتتە ئۇ ئەۋزەل شەرت-شارائىتقا ئىگە. شىنجاڭ ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، شىنجاڭدا 3 چوڭ تاغ، 3 چوڭ ئويمانلىق، 10 نەچچە دەريا، كوز يەتكۈسىز چۆللۈك، تەرەققىي تاپقان ئېگىز تاغ ۋە كۆچمە مۇزلار بار بولۇپ، بۇ يەرلەردە مول ئېنېرگىيە بايلىقلىرى بىلەن كان بايلىقلىرى كۆمۈلۈپ ياتىدۇ؛ دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئۈچۈن بايلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان نۇر، ئىسسىقلىق، سۇ، توپىدىن ئىبارەت 4 ئامىل شىنجاڭدا ئوبدان شارائىتقا ئىگە. نېفىت، كۆمۈر ۋە سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ زاپاس مىقدارى جەھەتتە شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭنىڭ يېرى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز ئەمەس، شىنجاڭدا كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، نۇرى كۈچلۈك، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا يۇقىرى، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، بۇ ئامىللار تەبىئىي ھالدا ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھاياتىي كۈچكە باي بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنىلسا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياخشى ئايلىنىشنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بىز ئىشىنىمىزكى، بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، بۇ بايلىق مەنبەلىرى ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكلەر نۇقتىلىق ھالدا ئېچىلسا ۋە بۇلاردىن پايدىلىنىلسا، شىنجاڭنى مۇھىم چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىسى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر بازىسى ۋە نېفىت ئېنېرگىيىسى بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ئۈستۈنلۈكلىرى ناھايىتى روشەن، ئاجىزلىقلىرىمۇ ناھايىتى روشەن. ئۇنىڭ چېگرا رايون، دېڭىزدىن يىراق، ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ بىرقەدەر ئۇزۇن بولغانلىقى ئەڭ گەۋدىلىك ئاجىزلىقى ھېسابلىنىدۇ. جاۋ زىياڭ زۇڭلى ئۆز سۆزىدە: شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەدبىر جەھەتتە چوقۇم ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم؛ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى خىزمىتى شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن ئوبدان تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

يولداش خۇ ياۋباڭ شىنىڭدىن قايتىش ئالدىدا، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارمىيە ئورۇنلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارغا «يۇيگوڭنىڭكىدەك ئىرادە تىكلەپ، چىڭخەي ئۆلكىسى ئاچايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: چىڭخەي ئۆلكىسى زور ئۈمەت كۆتۈشكە بولىدىغان، تېخى ئېچىلمىغان ئىستراتېگىيىلىك رايون بولۇپ، بايلىقى ئىنتايىن مول. سۇ ئېنېرگىيىسى، قۇياش ئېنېرگىيىسى، شامال ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر، نېفىت زاپىسى مىقدارى ناھايىتى زور بولۇپلا قالماستىن، دۇنيا بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان غايەت زور تۇز كانىمۇ بار، تۇز خىمىيىسى سانائىتىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشقا بولىدۇ، بولۇپمۇ دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك كالىي تۇزىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، زاپاس مىقدارى دۇنيا بويىچە 97 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن بولۇپ، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە زاپاس مىقدارى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان تاشپاختا كانى ۋە شتىبېشەن تېغىدا قۇرۇلۇۋاتقان چوڭ تىپتىكى قوغۇشۇن-سىنك كانى ھەم تۇرى نەچچە ئون خىلغا يېتىدىغان خېلى مول كان بايلىقلىرى بار. چىڭخەينىڭ يېتىشسىز يېرى شۇكى، پۈتۈن ئۆلكە سوغاق ئېگىزلىككە جايلاشقان، بىرمۇنچە جايلىرى تېخى قۇرغاق رايون جۈملىسىگە كىرىدۇ. لېكىن، بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. يولداش خۇ ياۋباڭ: بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىل، 10 يىل، 15 يىل ئىچىدە چىڭخەينىڭ بارلىق ئىقتىسادىي خىزمىتىنى چىڭخەينى كەڭ تۇردە ئېچىش ئىشىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە كېلەركى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چوڭ غەربىي شىمالغا يۆتكەشنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىش لازىم، دېدى. ئۇ چىڭخەيدىكى ھازىر بار كادىرلارنىڭ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، چىڭخەيدە يىلتىز تارتىپ، چېچەكلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلاردىكى ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش زىياللارنى، بولۇپمۇ چىڭخەينى ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن چىڭخەيگە كېلىپ ماكانلىشىشنى خالايدىغان ياشلارنى تىرىشىپ جەلپ قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ ياشلارنى تەربىيىلەشتە ئۇلارنى تېخنىكا ئۆگىنىش، كەسپنى ئۆگىنىشكىلا يېتەكلەپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنى ئالغا بېسىشقا، يۈكسىلىشكە ئىنتىلىدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن باتۇرلارچە پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان روھ ۋە ئالىجاناپ ئىدىيىۋى پەزىلەت بىلەن تەربىيىلەشكىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىككىنچى، ئوت-چۆپ تېرىش، دەل-دەرەخ تىكىش، كەمبەغەللىكنى تۈگىتىپ بېيىش.

قۇرغاقچىلىق — غەربىي شىمال رايونىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان تۈپ مەسىلە. يولداش خۇ ياۋباڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، قانداق قىلغاندا ئوت-چۆپ تېرىش، دەل-دەرەخ تىكىش ئارقىلىق قۇرغاقچىلىقنى تىزگىنلەش، تاغ-دەريالارنى ئۆزگەرتىش، كەمبەغەللىكنى تۈگىتىپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: قۇرغاقچىلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، قۇرغاقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى ئېنىقلاش كېرەك. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمال رايونلىرى بىر چاغلاردا دەل-دەرەخلىرى باراخسان، ئوت-سۈيى ئەلۋەك، ئېتىزلىرى مۇنبەت، دالىلىرى قوي-كالا بىلەن تولغان ئۈنۈملۈك يەرلەر ئىكەن. كېيىن قۇرغاق رايونغا ئايلىنىپ قېلىشىدا، ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان تەبىئىي سەۋەبنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر-ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان ئورمانلىقنىڭ ئۈزۈلمەي بۇلۇپ تۇرۇشى، دەرەخلەرنى قالايمىقان كېسىش ۋە قارغۇلارچە بىنام ئېچىشمۇ مۇھىم بىر سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قۇرغاقچىلىقنى يېڭىش، تاغ-دەريالارنى ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ چىقىش يولى نەدە؟ چىقىش يولى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ياخشى ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا. ياخشى ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىرىنچى خىزمەت ئوت-چۆپ تېرىش ۋە دەل-دەرەخ تىكىشتىن ئىبارەت. ئوت-چۆپ تېرىغاندا ئوت، دەل-دەرەخ تىككەندە دەرەخ بار بولىدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، كالا، قوي، ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلارنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ، تولۇق دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ۋە ھەر خىل يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. يولداش خۇ ياۋباڭ گەنسۇ ئۆلكىسى ئۈستىدە بىر قۇر ھېساب-كىتاب قىلىپ كۆردى: گەنسۇ ئۆلكىسىدە 456 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەر بار، ئەگەر 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، يەنى 20 پىرسەنت يەرگە دەرەخ تىكىلسە، جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ يەر مەيدانىغا باراۋەر كەلگۈدەك ئورمانلىق بىنا قىلىنغان بولىدۇ. 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەر دېگەن 150 مىليون مو بولىدۇ، ئورمانلار ئۆسۈپ يېتىلگەندىن كېيىن، ھەر بىر مو يەردىن يىلىغا يېرىم كۇب مېتىردىن ماتېرىيال چىقسا، 15 مىليارت يۈەن بولىدۇ، ھالبۇكى ھازىرقى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئاران 10 مىليارت يۈەن، مانا مۇشۇ بىر ئىش بىلەنلا كىرىم بىر قاتلىنىپ يەنە ئېشىۋاتامدۇ؟ دېمەك، ئوت-چۆپ تېرىش ۋە دەل-دەرەخ تىكىش يولى بىلەن چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش گەنسۇنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۈپ تەدبىرى، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ياخشى ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى، دېخانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تۈپ مەسىلە، ئومۇملىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىستراتېگىيە مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يولداش خۇ ياۋباڭ يەنە ئوت-چۆپ تېرىش ۋە دەل-دەرەخ تىكىشنىڭ تۆۋەندىكى چارە ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

ئىدىيىنى تازا ئازات قىلىش كېرەك. كۆپ يىللاردىن بېرى "ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش" دەپ ئاشلىقلا تېرىيدىغان بىر رامكىچىلىق پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى، لېكىن ئاشلىقنى تېرىغانسېرى ئاشلىق يېتىشمىدى. دېمەك، غەربىي شىمالنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا يەر ھازىرمۇ ناھايىتى ئۈنۈمسىز

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇرگانىك ماددا كەم بولغانلىقتىن يېزىنى يېقىپ كېتەلمىدى. مانا بۇ هال بىزنىڭ ئىدىيىنى تازا ئازات قىلىپ، تازا ئۆزگەرتىپ، بولاڭ - تالاڭ شەكلىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرمەي، ئوت - چۆپ تېرىش ۋە دەل - دەرەخ تىكىش ئىشىنى چىڭ تۇتۇشنى، شۇ يول بىلەن ئاشلىق مەهسۇلاتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شىمالدىكى قۇرغاق رايونلاردا بولۇپمۇ يەر كۆپ جايلاردا، ئوت - چۆپ تېرىش ۋە دەل - دەرەخ تىكىش ئىشىنى چوقۇم چىڭ تۇتۇپ، بۇنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، مۇشۇ نۇقتىنى چۆرىدىگەن هالدا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم.

ئاساسەن ئاممىغا تايىنىش، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئوت - چۆپ تېرىش، دەل - دەرەخ تىكىش — چوڭ ئىش، بۇنىڭدا ئاممىغا، نۇرغۇن - نۇرغۇن ئائىلىدىن تەركىب تاپقان قۇدرەتلىك قوشۇنغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. چوقۇم ئاممىنى هەركەتلەندۈرۈشنى ئاساس، دۆلەت مالىيىسىنى قوشۇمچە قىلىش لازىم. ئاممىنى هەقىقىي تۈردە هەركەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چوڭقۇر ۋە كەڭ سەپەرۋەرلىك خىزمىتى ئىشلەش كېرەك. ئوت - چۆپ تېرىش، دەل - دەرەخ تىكىش يولى بىلەن كەمبەغەللىكنى تۈگىتىپ بېيىشنىڭ چۈشىنىشلىك، ئاددىي يولىنى هەممە ئادەم بىلسۇن. ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، سىياسەتنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. كىم تېرىسا، كىم تىكسە، شۇنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، بۇ ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەيدۇ، بالىلىرىغا مىراس بولۇپ قالىدۇ. بەزى جايلاردا قالدۇرۇق تاغنى كۆپرەك قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاغنى هۆددىگە بېرىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. چارۋىچىلىق سىياسىتىنى، ئورمانچىلىق سىياستىنى ۋە هەر خىل مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى قەتئىلىك، داداىللىق بىلەن مۇمكىن قەدەر تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

تېخنىكا خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. ئورۇقلۇقنى چىڭ تۇتۇپ، ئېهتىياجغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوت ۋە دەرەخ ئورۇقلىرىنى كەڭ دائىرىدە يىغىپ، شۇ ناهىيىدە ۋە شۇ جايدا نېمىنى تېرىش - تىكىش مۇۋاپىق بولسا، شۇنىڭغا ئاساسەن بىر «ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەر ئىسمىلىگى»نى تۈزۈپ چىقىش لازىم. هەرقايسى جايلاردا ئوت - چۆپ تېرىش، دەل - دەرەخ تىكىش ئىشىنى پەن - تېخنىكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىپ، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئوت - چۆپ تېرىش، دەل - دەرەخ تىكىش ئىشى ئۈستىدە ئۆلكىدىن تارتىپ داددۇيگىچە بولغان هەر دەرىجىلىك ئورۇنلار هەر يىلى بىر قېتىم تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئوت - چۆپ تېرىش، دەل - دەرەخ تىكىش خىزمىتىدە كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بولۇپمۇ مۇهىم. شۇنىڭدەك، بۇ ئىشنى چوقۇم ئۇزاققىچە ئېلىپ بارىدىغان نىيەت بولۇشى، يەنى مۇشۇ ئەۋلات كىشى قىلىپ بولالمىسا، كېيىنكى ئەۋلات كىشىلەر داۋاملاشتۇرىدىغان، بىر - ئىككى ئەۋلات كىشى قىلىپ بولالمىسا، ئۈچىنچى ئەۋلات كىشىلەر

ئېلىپ بارىدىغان بولۇشى، چوقۇم بۇ ئىشنى ياخشى ئىشلەش، مەقسەتكە يەتمىگىچە توختىماسلىق كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش؛

يولداش خۇ ياۋباڭ بىلەن جاۋ زىياڭ زۇڭلى جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا، ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىنى ناھايىتى تەكىتلەپ، ئىتتىپاقلىق شىنجاڭنى ۋە چوڭ غەربىي شىمالنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى، دەپ قارىدى. ئۇلار مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىتتىپاقلىشىش - ئىتتىپاقلاشماسلىق تارىختىن بۇيان ئىشلىرىمىزنىڭ روناق تېپىشى ياكى خاراپ بولۇشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ كەلدى. كۆپ مىللەتلىك رايوندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش — بىرىنچى ئورۇندىكى خىزمەت، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى. مۇشۇ ئاچقۇچ بولمىسا، ھېچقانداق خىزمەتتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش، قۇرۇلۇش مەسىلىسى ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىدىن قىلچە ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم شەرت بولمىسا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ؛ خەلقنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى بولمايدۇ، مىللىي رايونلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشمۇ ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. ئىتتىپاقلىقنى ياخشى يولغا قويغاندىلا، قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرگەن ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغاندىلا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەڭسىزلىكنى پەيدىن - پەي ھالدا تۈپتىن ئۆزگەرتكىلى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقنى پەيدىن - پەي كىچىكلەتكىلى ۋە تۈگەتكىلى بولىدۇ. ئۇلار مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇنىڭدىن كېيىن، ھەرقايسى جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى، جۈملىدىن ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى، يېڭى كادىرلار بىلەن كونا كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقى، كادىرلىرى ۋە ياش - ئۆسمۈرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى چوقۇم يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۈرگۈن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئىدىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىزى مەملىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ دەيدىغان؛ يەنە بىزى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى چوقۇم بۈيۈك ۋەتەن ئائىلىسىدە ئىتتىپاقلىشىشى لازىم، بۇنداق ئۇيۇشقاقلىقنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ دەيدىغان ئىككى نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم.

ئۇلار ھەر مىللەت خەلقى ۋە كادىرلىرىنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوبدان يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى، شۇنىڭدەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشنى مۇقەددەس بۇرچ ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە دەپ

بىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار مۇنۇلارنى ئىنتايىن تەكىتلىدى: كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاشۇنداق قىلىش ئۆزىنىڭ ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بەلگە، كومپارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتىيىۋىلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق سۆز-ھەرىكەتنى تەنقىد قىلىش، توسۇش ۋە تۈزىتىش لازىم.

## 2

مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى ۋە جەڭگىۋار چاقىرىقى، خۇددى ئۇركەشلەۋاتقان دېڭىز دولقۇنىدەك، پۈتۈن مەملىكەتتە، غەربىي شىمال ئىگىزلىكىدە كۈچلۈك ئەكس سادا قوزغىدى.

يولداش خۇ ياۋباڭنىڭ «يېيىگۈڭنىڭكىدەك ئىرادە تىكلەپ، چىڭخەي ئۆلكىسىنى ئاچايلى» دېگەن دوكلادى چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى 500 مىڭ نەپەر ياشقا ناھايىتى زور ئىلھام بەردى. بۇ يىل ئالى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇتتىن بىرى دېڭىز يۈزىدىن 4 مىڭ مېتىر ئېگىز بولغان يۈيشۇ، گولو زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىرىغا ۋە شارائىتى جاپالىق بولغان سايدام ئويمانلىقىغا بېرىپ ئىشلەشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. سايدامدىكى چارخان تۇز كۆلىدە، گولمۇدتا، لۇڭياڭشيادا ۋە نېفت سېپىدە كۆرەش قىلىۋاتقان 100 نەچچە مىڭ نەپەر ياش قاتتىق سوغاق بولىدىغان، ھاۋا يېتىشمەيدىغان، كىلىمات ناچار بولغان تەبىئىي شارائىتتىن قورقماي، كۆز يەتكۈسىز قاقاس چۆلدە چىڭخەينى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى يېڭى جەڭ مەيدانلىرىنى ئاچتى. يۇرتىغا قايتقان 200 مىڭ زىيالىي ياش دوكلاتنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئىستىقبالنى ئوچۇق كۆرۈپ، يۈنۈلۈشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى. ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن، يېزىدا خاتىرجەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ ئىستىقباللىق ئىش، دېيىشتى ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، تاغ-دەريالارنى ئۆزگەرتىش، گۇڭشې-دۈي كارخانىلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇش ئىشىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى جارى قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇزاقتىن بۇيان بۇ يەردە كۆرەش قىلىپ كەلگەن "كونا چىڭخەيلىك" لەرمۇ تېخىمۇ روھلۇق ھالدا كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئارقا-ئارقىدىن بىلدۈرۈشتى.

باش شۇجى خۇ ياۋباڭ گەنسۇدىن قايتىشىغىلا، گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، 1984-يىلى كەڭ كۆلەمدە ئوت-چۆپ تېرىش، دەل-دەرەخ تىكىش خىزمىتىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلدى، شۇنىڭدەك 20—30 يىل ئىچىدە گەنسۇنى ئالدىنقى قاتاردىكى ئورمانچىلىق بازىسى ۋە چارۋىچىلىق بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوت-چۆپ تېرىش ۋە دەل-دەرەخ تىكىش توغرىسىدا پۈتۈن ئۆلكە بويىچە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

يېقىنقى مەزگىللىك كۆرەش نىشانى ھەر ئائىلە 10 مو يەرگە ئوت-چۆپ تېرىش، 2 مو يەرگە ئورمان بىنا قىلىش يولى بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش، 2 قارامال، 10 قوي بېقىپ، ئەھۋالنى يىلدىن-يىلغا ياخشىلاشتىن ئىبارەت بولدى.

خۇاڭخې ۋادىسىدا نىڭشيا ھەممىدىن باياشات يەر ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئوت-چۆپ تېرىش، دەل-دەرەخ تىكىش ئىشىدىمۇ نىڭشيا يېڭى سەھىپە ئاچماقتا. نىڭشيانىڭ جەنۇپ تەرەپتىكى تاغلىق رايونلىرىدا 3 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىلگىرى زىرائەت تېرىۋالغان 700مىڭ مو يەردە يايلاق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 550 مىڭ مو يەرگە ئوت-چۆپ تېرىلدى، 460 مىڭ مو يەرگە دەرەخ تىكىلدى. بۇ يەردە يەنە ئوت-چۆپ تېرىش ۋە دەل-دەرەخ تىكىش، سۇ ۋە تۇپىنى ساقلاش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئومۇمىي يۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش بويىچە بىر تۈركۈم تىپ مەيدانغا چىقتى. ئوت-چۆپ تېرىش، دەل-دەرەخ تىكىش ئىشىنى ئون نەچچە يىل داۋاملاشتۇرغان جۇڭۋېي ناھىيىسى تىڭگىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇپقا كۆچۈشىنى ئۈنۈملۈك تۈردە تىزگىنلەپ، ئېتىز ۋە ئوتلاقلارنى كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، ئاشلىق مەھسۇلاتىنىمۇ 70-يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكىگە قارىغاندا بىر قاتلاپ ئاشۇرۇپ، بۇلتۇر كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمنى 240 يۈەنگە، تاغلىق رايونلاردا 280 يۈەنگە يەتكۈزدى.

شەنشى ئۆلكىلىك پارتكوم نۇقتىلىق ھالدا شىمالىي شەنشىدىكى كونا ئازات رايونلارنى ئوبدان تۇتماقچى بولدى ۋە 1984-يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 2 مىليون مو يەرگە ئوت-چۆپ تېرىش، 2 مىليون مو يەرگە دەرەخ تىكىشنى پىلانلىدى.

21-ئەسىردە شىنجاڭنى مەملىكىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندا پىلاننى ئوبدان تۈزۈش، چارلاش كۈچىنى كېڭەيتىش ۋە ئاشۇرۇش، زۆرۈر قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش، ھازىر بار كارخانىلارنى ئوبدان باشقۇرۇش، مىللىي سىياسەتنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتىن ئىبارەت 5 تۈرلۈك تەييارلىق خىزمىتى نۇقتىلىق ھالدا ئىشلىنىدىغان بولدى.

خېبېي، ئىچكى موڭغۇل، شەندۇڭ، لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ قاتارلىق 11 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى، پىئونېرلار ۋە يېزا ياشلىرى ئوت-چۆپ ۋە دەرەخ ئۇرۇقى يىغىپ گەنسۇغا ياردەم بېرىش ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى؛ ئۇلار چەكسىز چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن، يىققان نەچچە يۈز مىڭ جىڭ ئۇرۇقنى يەشىك ۋە خالتىلارغا قاچىلاپ گەنسۇغا ئەۋەتىپ بەردى. دېڭىز بويلىرىدىكى شەھەرلەر غەربىي شىمال رايونىغا كەسپلەر بويىچە ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇۋەتتى، غەربىي شىمال يوللىرىدا خىزمەتتە ھەمكارلىشىش، مەسلىھەت بېرىشكە قاتنىشىش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەردىن تۈركۈملەپ كېتىۋاتقان تېخنىكا خادىملىرى،

مۇتەخەسسىسلەر ۋە پروفېسسورلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۈرۈمچىدە پۈتۈن مەملىكەتتە... نەچچە ئۆلكە ۋە شەھەردىن ئىقتىسات، تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن كەلگەنلەر بار. ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتمۇ ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئالدىغا 200 نەچچە تەكشۈرۈپ ھەمكارلىشىش تورىنى قويدى. ياردەم بېرىۋاتقان بىرمۇنچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئالىجاناپ كوممۇنىستىك ئىستىلنى جارى قىلدۇردى. شاڭخەي قاتناش داشۆسى شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتە شۇنداق قىلدى. ۋاڭ ئېنماۋ شۇجى ئۇلارنى "تەلەپلا بولسا قاندۇردى" دەپ ماختىدى. غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە تېخنىك كادىرلارنىڭ غەربىي شىمالنى ئېچىشقا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ يازغان نۇرغۇن خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. پارتىيە سىياسىتىنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، 20 مىڭدىن ئارتۇق شاڭخەيلىك زىيالىي ياش چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنگە قايتتى. قىسقىسى، بۈگۈنكى چوڭ غەربىي شىمال ھەممە كىشى كۆز تىكىدىغان جاي بولۇپ قالدى، بىر مىليارت خەلقنىڭ قەلبى چوڭ غەربىي شىمالغا تەلپۈنمەكتە.

## 3

چوڭ غەربىي شىمال مەملىكىتىمىز بويىچە مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ جاي بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى ئون مىليوندىن ئاشىدۇ، غەربىي شىمال يەنە مەملىكىتىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، يولداش خۇ ياۋباڭ، جاۋ زىياڭ زۇڭلى قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار كۆپ قېتىم چوڭ غەربىي شىمالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىرمۇنچە مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. 1982 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، كېلەركى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنى، چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىشنى قارار قىلدى. مانا بۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان غەمخورلۇقىنى، مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارغا بولغان سەممىي غەمخورلۇقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە جەڭگىۋار چاقىرىقى ئارقىسىدا، غەربىي شىمال خەلقى ھەركەتكە كەلدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمۇ پائال ئاۋاز قوشتى. بىز مۇسۇلمانلار نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

بىرىنچى، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش، ئوت ـ چۆپ تېرىش ۋە دەل ـ دەرەخ تىكىش، كەمبەغەللىكنى تۈگىتىپ بېيىش ۋە ئىنتىپاقلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ ۋە بۇ يوليورۇقلارنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، مەركەزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك



www.uyghurkitap.com

تەسەۋۋۇرنى ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، ئۆزىمىزنىڭ خىزمىتىنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلەپ، ئوت-چۆپ تېرىش ۋە دەل-دەرەخ تىكىش، تاغ-دەريالارنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى سەپلەردىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان ئىلغار كوللىكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلار ئىلغار ئىشلىرى ۋە نەمۇنىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئۇلاردىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ جاپاغا چىداپ باش چۆكۈرۈپ ۋە پۇختا ئىشلەيدىغان، خەتەردىن قورقماي، ئاكتىپلىق بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان روھىنى كەڭ تۈردە جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى يىلدىن-يىلغا تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئومۇمىي ساۋات بىلىملىرىنى، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىق ۋە ئىجادكارانە روھنىلا بولۇشنى تەلەپ قىلىپ قالماستىن، سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ئىقتىدارنىڭمۇ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىجتىمائى ۋە تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۈچۈن سېستىملىق پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش پۇرسىتى ئاز(اق) بولغان، بۈگۈنكى كۈندە بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلىرىمىز ھەممىدىن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ياشلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشى لازىمكى، جوڭگو غەربىي شىمالىنى ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە داۋاملىشىدىغان بولسۇن.

تۆتىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىشىمىز كېرەك. بۇنداق قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ رەھبەرلىرى يۇقۇرىدا تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن يەنىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشايلى! تاغ-دەريالارنى ئۆزگەرتىش، جوڭگو غەربىي شىمالىنى ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ھەرىكەت داۋامىدا ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارامىتىمىزنى كۆرسىتەيلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي مائارىپى

## — 1980 - يىلى 8 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 14 - نۆۋەتلىك ئىسلام ئىدىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالا

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ بىڭدو

### 1

جۇڭگو، دۇنيادىكى باشقا مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەتلەرگە ئوخشاش، ئۇزاق تارىخقا ئىگە ۋە بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئېلىمىزدە ئىسلام دىنى 10 ئاز سانلىق مىللەت ئورتاق ئېتىقاد قىلىدىغان دىن، بۇ مىللەتلەر پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى ئىچىدە ئازچىلىقنىلا تەشكىل قىلىدۇ. ئىسلام دىنى جۇڭگوغا 3 - خەلىپە ئوسماننىڭ زامانىسىدا تارقىلىپ كىرگەندىن بۇيان 1 مىڭ 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ جۇڭگودا تارقىلىپ ۋە راۋاجلىنىپ كېلىشىدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي مائارىپى ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر - ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر"، "بىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار"، "بۆشۈكتىن تۆشۈككە كىرگىچە ئۆگىنىڭلار". جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بۇ تەلىملەرگە ئەمەل قىلىپ، ئىسلام ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، قىيىن شارائىتتا ئۆزىنىڭ دىنىي مائارىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئولتۇراقلىشىش جەھەتتە كەڭ دائىرىدە تارقاق بولۇش، كىچىك دائىرىدە مەركەزلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بولۇپ، پۈتۈن جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىكى جايلاردا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەسچىتلەر ياسالغان. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي مائارىپى ئەنە شۇ مەسچىتلەردە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىلىرىدە يولغا قويۇلغان. ئىسلام دىنى جۇڭگوغا كىرگەن دەسلەپكى چاغلاردا، ئائىلە تەربىيىسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، يېزىق ۋە ئېغىز ئارقىلىق ئۆگىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، شۇ چاغلاردا قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن قۇرئانلارنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىرى ئىنتايىن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق بولۇپ قالدى. تاكى ھىجرىيە 10 - ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن مەسچىتلەردە مۇنتىزىم مەدرىس مائارىپى تۈزۈمى ئورنىتىلدى. مەن بۇ يەردە تونۇشتۇرىدىغان «جۇڭگو

مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي مائارىپى» ئاساسەن مۇشۇ مەدرىس مائارىپىنى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدۇ.

مىلادى 16-ئەسىردە جۇڭگونىڭ شەنشى ئۆلكىسىدە خۇ دېڭجۇ ئاخۇن (1522—1592، يەنى ھىجرىيە 929—1006) ئىسىملىك مەشھۇر بىر ئىسلام ئالىمى چىققان. ئۇ كەئبىنى ھەج-تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاخۇن تەربىيىلەش ئۈچۈن مەدرىس مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەل باغلىغان. ئۇ مەسچىت ئىچىگە تالىپلارنى يىغىپ، ئۆزى دىنىي كىتابلاردىن دەرس ئۆتكەن، ئوقۇتۇش خىراجىتىنى شۇ مەھەللىنىڭ جامائەتلىرى يەتكۈزۈپ بەرگەن. تالىپلار بەلگىلەنگەن كىتابلارنى ئوقۇپ بولغاندا، شۇ مەھەللىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇلارغا تون يېپىپ ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكىنى تەبرىكلىگەن. خۇ دېڭجۇ مەدرىس مائارىپى تۈزۈمىنى ئورناتقان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ "خۇ دېڭجۇ داموللام" دەپ ئاتىغان.

خۇ دېڭجۇ داموللامنىڭ 4-ئەۋلات شاگىرتى جۇدا ئاخۇن زامانىسىغا كەلگەندە، مەدرىس مائارىپى يەنىمۇ ئومۇملىشىپ، ئىختىساسلىق كىشىلەر كۆپلەپ چىقىشقا باشلىغان، مەسىلەن، يۈننەندە ئۆتكەن مافۇچۇ (1794—1874) نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەن، ئۇ يەنە ئىسلام دىنىغا ئائىت نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن. مانا بۇ جۇڭگو ئىسلام مائارىپى تارىخىدا ئۆتكەن شەيخ خۇ دېڭجۇ ۋەكىللىكىدىكى شەنشى مەزھىبىدۇر. بۇ مەزھەپ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ۋە خېنەن، ئەنخۇي، يۈننەن ئۆلكىلىرىگە ھەم جەنۇبىتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە تارقالغان.

خۇ دېڭجۇنىڭ 5-ئەۋلات شاگىرتى چاڭ جىمېي (ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسى سەمەرقەندلىك ئىمىش) ناھايىتى بىلىملىك كىشى بولۇپ، پارس تىلى گىرامماتىكىسىنى يېزىپ چىققان، پەلسەپە تەتقىقاتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنىڭ شەھىرىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ، بارا-بارا بىر مەزھەبنى يەنى جۇڭگو ئىسلام مائارىپى تارىخىدا ئۆتكەن شەيخ چاڭ جىمېي ۋەكىللىكىدىكى شەندۇڭ مەزھىبىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ مەزھەپ شىمالىي جۇڭگوغا ۋە شەرقىي شىمالىدىكى ھەرقايىسى ئۆلكىلەرگە تارقالغان.

ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە، شەنشى مەزھىبىدىكىلەر "مېغىزىنى ئوقۇتۇش ۋە مەخسۇس ساھە بويىچە ئوقۇتۇش"قا ئېتىبار بەرگەن، "تەۋھىد"نى ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شەندۇڭ مەزھىبىدىكىلەر بولسا "كۆپ ۋە پىششىق ئوقۇتۇش"قا ئېتىبار بەرگەن ۋە مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىملىرىنى ئەتراپلىق ئىگەللىگىلى بولىدۇ دەپ ھېساپلىغان. يېزىق جەھەتتە، شەنشى مەزھىبىدىكىلەر كۆپرەك ئەرەبچە دەرسلىكنى قوللانغان، شەندۇڭ مەزھىبىدىكىلەر بولسا ئەرەبچە بىلەن پارسچىنى تەڭ قوللانغان.

مەدرىس مائارىپىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى بىلەن، پەيدىن-پەي بىر يۈرۈش مائارىپ تۈزۈمى شەكىللەنگەن. قوللىنىلىدىغان ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە دەرسلىكلەرنىڭمۇ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيگەن. قۇرئان ۋە ھەدىستىن باشقا، يەنە بەزى دەرسلىكلەرمۇ ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلغان، مەسىلەن، ئەرەپ تىلى گىرامماتىكىسى ۋە ئىستىلىستىكىسى جەھەتتە:

«ئەرەپ تىلى ئاساسى» («اساس العلوم»)، «ئەرەپ تىلى گىراممانىكىسى» («ملا عصام الدين»)، «ئەرەپ تىلى ئىستىلىستىكىسى» («تلخيص المفتاح»)؛ تەۋھىد ۋە دىنىي تەربىيە جەھەتتە: «كەلام» («كلام»)، «دىنىي ئەھكاملار پۈروگىراممىسى» («شرح العقائد»)، «ئەششەئە تۇللەمئات» («اشعة اللمعات»)، «مىرساد» («مرصاد»)؛ تەفسىر جەھەتتە: «تەفسىر جەلالەين» («تفسير الجلالين»)، «تەفسىر قازى بەيزاۋى» («تفسير القاضي البيضاوي») ۋە پارسچە «تەفسىر ھۈسەينى» («تفسير الحسيني»)؛ ھەدىس شەرھى جەھەتتە: «شەرھى خۇتب» (پارسچە «شرح خطب»)، «ئەربەئۇن» (پارسچە «اربعون»)؛ فىقھە جەھەتتە: «شەرھى ۋىقايە» («شرح الوقاية»)، «ئىرشاد» («ارشاد») ۋە باشقىلار. بۇ دەرسلىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئەرەبچە، بەزىلىرى پارسچە، بەزىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

جۇڭگو مەسچىتلىرىدىكى مەدرىس مائارىپى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: بىرىنچىدىن، ئۇنى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى يولغا قويغان. تارىختا، جۇڭگو مەسچىتلىرى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنىلا بولۇپ قالماستىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مەركىزىمۇ بولۇپ كەلگەن. مەسچىت ياساشتىمۇ، مەسچىت ئىچىدىكى ھەممە ئىشلارنى يولغا قويۇشتىمۇ مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايانغان. مۇدەررىس بىلەن تالىپلارنىڭ تەمىناتىنى مۇسۇلمانلار يەتكۈزۈپ بەرگەن. دىنىي كىتاپلار ۋە دەرسلىكلەرنى مۇدەررىسلەر ئۆزلىرى كۆچۈرگەن ۋە ياغاچقا ئويغان. ئىككىنچىدىن، مۇدەررىسلەرنىڭ دەرس ئۆتۈشى بىلەن تالىپلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىششى (يۇقىرى سىنىپتىكىلىرى تۆۋەن سىنىپتىكىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش)نى بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش، بىلىدىغانلارنى ئۇستاز تۇتۇش تەشەببۇس قىلىنغان؛ بۇنىڭدا ياش چەكلىمىسىمۇ بولمىغان، ئوقۇش مۇددىتى ۋە ئىمتىھان تۈزۈمىمۇ بولمىغان. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە 20 يىلدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق ۋاقىت كەتكەن. ئەگەر بىرەر مەسچىتتە مەلۇم دەرسنى ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بولمىسا، تالىپلار باشقا يۇرتلارغا بېرىپ ئۇستاز تۇتۇپ ئوقۇغان. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەلىم-تەربىيە ۋە بىلىم ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەنئەنىۋى روھىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ مەدرىس مائارىپىدا سىرتقا دىن تارقىتىشقا ئەمەس، مەسچىت ئىچىدە دىنىي كىتاپلارنى ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، ئەرەبچە، پارسچە ۋە دىنىي كىتاپلارنىلا دەرسلىك قىلىشقا ئېتىبار بېرىلىپ، خەنزۇچىنى ۋە باشقا مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە بولسا سەل قارالغان، بۇنىڭ بىلەن بىلىم دائىرىسى چەكلىمىگە ئۇچرىغان. يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە، جۇڭگو ئىسلام مائارىپىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، بۇ چەكلىمىلىك زور دەرىجىدە تۈگىتىلگەن.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي مائارىپى مانا مۇشۇنداق مەدرىس مائارىپىدىن ئىبارەت ئالاھىدە شەكىل بىلەن يولغا قويۇلغان. مەدرىس مائارىپى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئۈچۈن مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئاخۇنلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، ئىسلام دىنىنى جۇڭگودا ئۈزۈلۈپ قالماي مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋاملىشىپ كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇ — ئۇنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى. دەل مۇشۇنداق مائارىپ تۈزۈمى ئاستىدا، تۈركۈم-تۈركۈم مەشھۇر ئىسلام ئالىملىرى

يېتىشىپ چىققان، ئۇلار كۆڭۈل قويۇپ ئىزدىنىپ، ئىسلام دىنىغا دائىر بەزى كىتابلارنى يازغان. مەسىلەن، ۋاڭ دەيۈي (تەخمىنەن 1560 — 1660) «ئىسلام ھەقىقىتى» دېگەن كىتابىنى، ماجۇ (1640 — 1711) «ئىسلام قوللانمىسى» دېگەن كىتابىنى، ليۇجې (تەخمىنەن 1660 — 1720) «ئىسلام دىنى ئەھكاملىرى»، «ئىسلام ھەقىقەتلىرى»، «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابلارنى، مافۇچۇ (1794 — 1874) «ئىسلام دىنىنىڭ تۆت مۇھىم پىرىنسىپى» دېگەن كىتابىنى يازغان. مۇشۇنداق مۇئەللىپلەرنىڭ ۋە ئىسلام دىنىغا دائىر مەخسۇس ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىققانلىقىمۇ مەدرىس مائارىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى جۇڭگودىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ۋە ئېتىقات قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىنى چۈشىنىشىگە ياردىمى بار. قىسقىسى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدرىس مائارىپىنىڭ جۇڭگودا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخىدا ئوينىغان رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

## 2

مىلادىنىڭ 1840-يىلى پارتلىغان ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەملىك يېڭىلىققا كۈچۈش ھەركىتىنى قوزغىۋەتتى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى ئىرادىلىك كىشىلەر كونا مەدرىس مائارىپىنىڭ دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مائارىپىنى يېڭىلاشقا تىرىشتى. 1907-يىلى ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار "ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق مۇسۇلمانلار مائارىپ جەمئىيىتى"نى قۇردى، يەنە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ژورنىلى — «ئويغىنىش» ژورنىلىدىن بىر سان چىقىرىپ، جۇڭگو ئىسلام مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، دەۋرنىڭ تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ 1911-يىلى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان، جۇڭگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى فېئودال پادىشالىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان شىنخەي ئىنقىلابى ۋە 1919-يىلىدىكى دۇنياغا داڭقى كەتكەن، جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى "4-ماي" ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. بۇ ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسى ۋە تەسىرى ئاستىدا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي مائارىپىدىمۇ يېڭىلىنىشلار بولدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يۈننەنلىك ئاتاقلىق مۇدەررىس مافۇچۇنىڭ شاگىرتى ما ليەنيۈەن (1841 — 1895) "ئەرەبچە بىلەن خەنزۇچىنى بىللە ئۆگىنىش"نى بىرىنچى بولۇپ تەشەببۇس قىلدى، ئۇ ئىسلام دىنىغا ئائىت بىرمۇنچە كىتابىنى ئەرەبچە ۋە خەنزۇچە يېزىق بىلەن يازدى ۋە تەرجىمە قىلدى، قۇرئاننىڭ ئەرەبچە بىلەن خەنزۇچە سېلىشتۇرما قىلىنغان تاللانما نۇسخىسىنى باستۇردى، يەنە خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى دۇ ۋېنشيۇنىڭ قوللىشى بىلەن، جۇڭگو بويىچە پۈتۈن قۇرئاننى تۇنجى قېتىم ياغاچقا ئويۇپ بېسىشتىن ئىبارەت غايەت زور ئىشنى تاماملىدى. ئۇنىڭ

ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئوقۇتقان مىڭدىن ئارتۇق شاگىرتىدىن ئىسلام ئەقىدىلىرى ھەققىدە ناھايىتى ئۈستۈن بىلىمگە ئىگە، ئەرەپچىنىمۇ، خەنزۇچىنىمۇ بىلىدىغان بىرمۇنچە ئالىم چىققان.

يېڭىچە ئىسلام دىنى مەكتىۋىنى بىرىنچى بولۇپ ئېچىپ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغان ئادەم ئەينى چاغدا بېيجىڭدا ئۆتكەن ۋاڭ خاۋرېن (1848—1918) بولۇپ، ئۇ 1906-يىلى مەككىگە ھەجگە بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەردە مائارىپ ئىشلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە ئىككىنچى يىلى تۈركىيىدىن ئىككى ئالىم تەكلىپ قىلىپ، بېيجىڭدا ”مۇسۇلمانلار دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋى“نى قۇردى، 1908-يىلى يەنە ”پايتەخت ھۆكۈمەت قارىمىغىدىكى مۇسۇلمانلار تولۇق باشلانغۇچ مەكتىۋى“نى قۇردى، بۇنىڭ تەسىرىدە شىمالىي جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇسۇلمانلار باشلانغۇچ مەكتەپلىرى قۇرۇلدى.

ۋاڭ خاۋرېن، ئىسلام مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، بىرلىككە كەلگەن دىنىي تەشكىلات بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. 1911-يىلى ئۇ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى مەشھۇر ئەربابلار بىلەن بىرلىكتە ”جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىلگىرىلەش جەمئىيىتى“نى قۇردى، ئۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، شۇنىڭدەك ۋاڭ جىڭجەي قاتارلىق ئاخۇنلارغا قۇرئاننى تەرجىمە قىلدۇرۇش ۋە «ئىسلام نۇرى يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى»نى بېسىپ تارقىتىش ئىدى. ئارقىدىنلا، خا دېچېڭ ئاخۇن ۋە باشقىلار شاڭخەيدە ”جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىلمىي جەمئىيىتى“نى قۇردى، ئۇنىڭ ئەمەلىي خىزمىتى قۇرئاننى تەرجىمە قىلدۇرۇش، ئىسلام دىنى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنى، ئەرەپچە بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىنى ئېچىش، مائارىپنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت بولدى ۋە بۇ جەمئىيەت 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جۇڭگودا زور تەسىرى بار ئىسلام دىنى ئىلمىي تەشكىلاتى بولۇپ قالدى. 1929-يىلى دا پۇشېڭ ئاخۇن قاتارلىقلار يەنە شاڭخەيدە ”جۇڭگو ئىسلام دىنى ئۇيۇشمىسى“نى قۇرۇپ، ئاخۇن تەربىيىلەش، مەكتەپنى كۆپلەپ ئېچىش، دوختۇرخانا، كۈتۈپخانا قۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلارنى خىزمەت پروگراممىسى قىلدى.

ئىسلام مائارىپىنى يېڭىلاش دولقۇنىدا، مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ شەھەرلەردە يېڭىچە ئىسلام دىنى مەكتەپلىرى قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ داڭلىقراقلىرى مۇنۇلار: 1925-يىلى ئاۋال جىنەندە قۇرۇلۇپ، 1929-يىلى بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن چېڭدا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋى، 1927-يىلى شاڭخەيدە قۇرۇلغان ئىسلام دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋى، 1928-يىلى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ۋەنشيەن ناھىيىسىدە قۇرۇلغان ئىسلام دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋى، 1930-يىلى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى كۇنمىڭدا قۇرۇلغان مىڭدې ئوتتۇرا مەكتىۋى ۋە باشقىلار. بۇ مەكتەپلەرنى قۇرۇشتىن مەقسەت ئەرەپچىنىمۇ، خەنزۇچىنىمۇ بىلىدىغان ئاخۇنلارنى يېتىشتۈرۈش، يالغۇز ئىسلام ئەقىدىلىرىنىلا ئۆگىتىپ قالماي، ئادەتتىكى مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىتىش ئىدى. بېيجىڭ چېڭدا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنىڭ قۇرغۇچىسى ما سۇڭتىڭ ئاخۇنۇم بىلەن شاڭخەي ئىسلام دىنى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنىڭ قۇرغۇچىسى دا پۇشېڭ ئاخۇنۇم ئايرىم-ئايرىم ھالدا مىسىر ۋە ھىندىستانغا بېرىپ ئىسلام دىنى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئابدۇقادىر داموللام (؟—1943) مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاساسەن دىنىي مائارىپ ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى، قەشقەردە يېڭىچە بىر مەكتەپ ئېچىپ، دىنىي تەلىم-تەربىيە ۋە ئادەتتىكى تەلىم-تەربىيە دەرسلىكلىرىنى ئۆزى تۈزۈپ چىقىپ، يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇش-ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى ئۆز ۋاقتىدا خېلى زور تەسىر قوزغىغان. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىسلام دىنى مەكتەپلىرى ئىسلام دىنى ئۈچۈن كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن داۋاملىق تەرەققى قىلالماي قالغان، بىرمۇنچىسى يېرىم يولدا تاقىلىپ قالغان.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي مائارىپىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مائارىپچىلىرى يەنە ئىسلام دىنىنىڭ قۇرئان، ھەدىس قاتارلىق مۇقەددەس كىتاپلىرىنى تەرجىمە قىلغان ۋە نەشر قىلدۇرغان. ئىسلام ئالىملىرى لىيۇجې بىلەن ما فۇچۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا قۇرئاننى قىسمەن تەرجىمە قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان قۇرئان ۋە باشقا مۇقەددەس كىتاپلار بارا-بارا كۆپىيىپ بارغان. مىلادى 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خەنزۇچىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنغان قۇرئاننىڭ ئاز دېگەندە 5 خىل نۇسخىسى بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ گېزىت-خانا ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرى، دىنىي كىتاپ دۇكانلىرى، كىتاپ شىركەتلىرىمۇ كەينى-كەينىدىن قۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرىنى ۋە فىقھە كىتاپلىرىنى كەڭ تۈردە تارقاتقان. بۇ ئارىلىقتا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى يەنە ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى مىسىردىكى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىغا ئوخشاش مەشھۇر ئىسلام بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن، 1931-يىلدىن 1945-يىلغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەۋەتىلگەنلەر 50 تىن ئاشقان. ئۇلار قېتىرقىنىپ ئوقۇغان، بېرىلىپ تەتقىق قىلغان بولغاچقا، ماجيەن، پاڭ شىجيەنگە ئوخشاش داڭلىق ئالىملار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ۋە باشقا ئالىملار تەرجىمە قىلغان مۇھىم دىنىي ئەسەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىسلام ئىدىيىسى ۋە مەدەنىيىتىنى تارقىتىش، جۇڭگو بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىغان.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، يېڭىچە ئىسلام دىنى مەكتەپلىرى مەدرىس مائارىپى ئاساسىدا راۋاجلانغان، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەدرىس مائارىپىغا تەسىر كۆرسەتكەن، ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە خەنزۇچىنىمۇ، ئەرەپچىنىمۇ ئوقۇتىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، مەسچىتلەردە ئەرەپچىنىلا ئوقۇتىدىغان ئىلگىرىكى ئادەت ئۆزگەرتىلگەن.

يېقىنقى دەۋردە جۇڭگودا قۇرۇلغان يېڭىچە ئىسلام دىنى مەكتەپلىرىدە بىر تۈركۈم يېڭىچە ئاخۇنلار يېتىشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن دىنىي ئالىملارنىڭ نۇرغۇنى يەنىلا مەدرىس مائارىپى تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققان. كونا، يېڭى ئىككى خىل دىنىي مائارىپ تۈزۈمىنىڭ بىللە يولغا قويۇلۇشى يېقىنقى دەۋردىكى جۇڭگو ئىسلام دىنى مائارىپىنىڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىگى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 3

1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويدى ھەمدە بۇ سىياسەتنى «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پۇروگراممىسى»غا ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزدى. 1955 - يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭدىكى ھەيئەت ئەزالىرى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، "جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى" تەسىس قىلىندى ۋە بېيجىڭدىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا ئىسلام ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر قۇرۇلۇش — جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنىڭ مەكتەپ ۋە ياتاق بىناسى سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەردە مەدرىس مائارىپى تۈزۈمى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، ئۇلار جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بەردى.

جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى مەلۇم ئەرەبچە ۋە خەنزۇچە بىلىمگە ئىگە ئاخۇنلارنى يېتىشتۈردى، ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەردىن ئېلىندى، ئوقۇش مۇددىتى 4 يىل قىلىپ بەلگىلەندى، دەرسلەر ئىچىدە ئىسلام ئەقىدىلىرى (قۇرئان، ھەدىس، تەۋھىد، فىقھە، ئەرەبچە تاللانما ئەسەرلەر ۋە ئۇنىڭ گىرامماتىكىسى، ۋاھاكازا) ئۆتۈلدى. جۇڭگو - مىسىر مەدەنىيەت كېلىشىمىگە ئاساسەن، بۇ مەكتەپ دىنىي دەرس ۋە ئەرەبچە دەرس ئۆتۈشكە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 4 نەپەر مىسىرلىق ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ ئېكەلدى. 1960 - يىلى 4 يىللىق مۇددەت بىلەن ئىسلام ئىلمى تەتقىقات سىنىپى ئېچىپ، بىر قەدەر يۇقۇرى سەۋىيىلىك بىر تۈركۈم ئىسلام ئۆلىمالىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ مەكتەپ "4 كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان مەزگىللەردە توسالغۇغا ئۇچرىغان ئىدى، 1976 - يىلى "4 كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە شەرت ھازىرلاندى. بۇ يىل 4 - ئايدا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېيجىڭدا تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تۆتىنچى قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنى ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قۇرئاننى قايتىدىن باستۇرۇش ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچە يېڭى تەرجىمە نۇسخىسىنى تەييارلاش خىزمىتىنى باشلاش، ئىسلام دىنى ئۈستىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، جۇڭگو بىلەن چەتئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداق قىلىپ، يېڭى شارائىت ئاستىدا جۇڭگو ئىسلام مائارىپىنى يەنىمۇ ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن تىرىشىش توغرىسىدا بىردەك قارار ماقۇللاندى. ئىنشائاللا، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ھەم زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە دىنىي مائارىپى تېزدىن ئەسلىگە كېلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە، ئىسلام دىنىنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغاي.

# جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى بېيجىڭدىكى مۇدىرلىرى يىغىنىنى چاقىردى

ژورنىلىمىزنىڭ خەۋىرى:

جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بېيجىڭدىكى مۇدىرلىرىنىڭ خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى.

يىغىنغا پەخرى مۇدىر بۇرھان شەھىدى، مۇدىر جاڭ جيې، مۇئاۋىن مۇدىر بەي شۇيى، ئەن شۈبي، شېن شياشى، ماسۇڭتىڭ، ليۇ پىن-يى، جاڭ بىڭدو، ما شيەن، ئەخمەت ۋاجىدى، باش كاتىپ ياڭ رۇنشېنلار قاتناشتى؛ جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما ۋېيجى ۋە جەمىيەتنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

مۇئاۋىن مۇدىر شېن شياشى، ئالدى بىلەن، 9 - ئايدا چاقىرىلغان مۇدىرلار يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەردىن دوكلات بەردى. مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ بىڭدو جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج - تاۋاپ قىلىش ئۆمىكىنىڭ 1983 - يىلى مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. مۇئاۋىن مۇدىر ئەن شۈبي ئۆزى باشچىلىق قىلغان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى 4 دۆلەتتە قىلغان زىيارىتىنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىلىرىنى دوكلات قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسلام جەمىيىتىنىڭ 1984 - يىللىق ئاساسىي خىزمەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇلۇپ، 5 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىش ئۈچۈن، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش كېرەكلىكى نۇقتىلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يىغىن 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە مەنىۋى بۇلغىنىشنى تۈگەتىش ھەققىدىكى قارارنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى پائال قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا قىزغىن ياردەم بېرىشى لازىملىقىنى، خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەستايىدىل ھەمكارلىشىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىملىقىنى، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى تەربىيىلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پائال ئاتلىنىش لازىملىقىنى. ئاساسىي قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، بىكار قىلىنغان فېئوداللىق قالدۇق ئىدىيىلەرنىڭ قايتىدىن باش كۆتىرىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان ھەرقانداق ھەركەتكە قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

يىغىندىن كېيىن، بۇرھان شەھىدى قاتارلىق مەسئۇل كىشىلەر جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

www.uyghurkitap.com

# سەمىمى كۆرۈشۈش، قىزغىن غەمخورلۇق

جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى بۇرھان شەھىدى، مۇدىرى جاڭ جيې، مۇئاۋىن مۇدىرى شېن شياشى، ما سۇڭتىڭ، ليۇ پېنيى، جاڭ بىڭدو، ماشيەن، ئەخمەت ۋاجىدى قاتارلىقلار 15-چېسلا چۈشتىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سەمىمى كۆرۈشتى.

كۆرۈشۈش ۋاقتىدا، مۇدىر جاڭ جيې ئالدى بىلەن، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا مۇئاۋىن مۇدىر ما سۇڭتىڭنىڭ قوشۇمچە ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىغا پەخرى باشلىق، شېن شياشىنىڭ قوشۇمچە باشلىق، ھامۇت داموللىنىڭ مۇئاۋىن باشلىق، ما ۋېيجېنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بۇنى ئاڭلاپ، قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇرھان شەھىدى بىلەن ما سۇڭتىڭ ئاقساقال ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، خوشال ھالدا، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا سەمىمى ۋە چوڭقۇر مەنىلىك سۆز قىلىپ، پىشقەدەملەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان سەمىمى ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇرھان شەھىدى مۇنداق دېدى: ئىسلام دىنى خەلقارا خاراكتېرلىق دىن بولۇپ، دۇنيادىكى 3 چوڭ دىنىنىڭ بىرى؛ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار قېرىنداشلاردۇر دېگەن، مەن سىلەرنىڭ ھازىرقى ئۆگىنىش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگەللەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك ئېڭىڭلارنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشۈڭلارنى، مىللى سىياسەت، دىنىي سىياسەتنى چۈشىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، يۇرتۇڭلارغا قايتقاندىن كېيىن، ئاخۇنلۇقنى ياخشى ئارتقۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن. بۇرھان شەھىدى قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ تەلىمىنى نەقىل كەلتۈردى: "ئاسانلىق قىيىنچىلىق بىلەن بىللە مەۋجۇت بولىدۇ." (94-سۈرە، 5-ئايەت) يەنە ھەدىستىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: كىم تىرىشسا، شۇ نەتىجە قازىنالايدۇ، دېدى. ئۇ، ساۋاقداشلارنىڭ بىرنەچچە يىللىق ئۆگىنىش داۋامىدا ئەلا نەتىجە يارىتىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

ما سۇڭتىڭ ئاقساقال مۇنداق دېدى: ئاللاتائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدىلا بىزگە مۇنداق دەپ بۇيرۇق قىلىنغان: "ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن"، "ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى." بۇ، ئۆگىنىڭلار، يەنىمۇ ئۆگىنىڭلار، دېگەندىن ئىبارەت. ئىلگىرى، كونا جەمىيەتتە، گومىنداڭ بارلىق ئاماللار بىلەن بىزنى گەجگىمىزدىن باساتتى؛ ھازىر، يېڭى جەمىيەتتە، كومپارتىيە ئورنىمىزنى ئۆستۈردى. سىلەر چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزەڭلارنىڭ بىلىم جەھەتتىكى ئورنۇڭلارنى ئۆستۈرۈشۈڭلار لازىم. ئاللاتائالا: ئاللاغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە ۋە ئاراڭلاردىكى باشقۇرغۇچىلارغا ئىتائەت قىلىڭلار دېگەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: "ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر" دېگەن. بىز ئاللاغا ئىتائەت قىلىمىز ۋە ئاللانىڭ ئەلچىلە-

# ئىسلام دىنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

## ما جاۋچۈن

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

2) خەلىپىلەر دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى (632 — 1798) : مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن، ئىسلام دىنى ئىشلىرى توختاپ قالمىدى، بەلكى ئارقىدىنلا مىسلىسىز تەرەققىيات دەۋرى يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا، كىمنىڭ ئىز باسار بولىدىغانلىقىنى توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇرمىغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئىز باسار (يەنى ”خەلىپىلىك“)لىق ئورۇننى تالىشىش يولىدا كۈرەش يۈز بەردى. بەس-مۇنازىرە نەتىجىسىدە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىن سەپدىشى ۋە قەيىنئاتىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى خەلىپە بولۇپ سايلاندى، شۇنىڭ بىلەن دۇنيا تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن خەلىپىلىك تۈزۈمى

-o-o-o-o-o-o-o-o-o-o-o-o-o-

رىگە ئىتائەت قىلىمىز دەيدىكەنمىز، دۆلىتىمىزنى قىزغىن سۆيۈشىمىز لازىم، بىزنى باشقۇرغۇچىلارغا ئىتائەت قىلىمىز دەيدىكەنمىز، دۆلەتنىڭ مىللىي سىياستى ۋە دىنىي سىياستىنى ئىجرا قىلىپ، ئىلىمىز مۇسۇلمانلىرىنى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋە ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا، بولۇپمۇ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنلاشتا ئاكتىپ رول ئوينىشىمىز لازىم. بىزمۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنلىشىمىز لازىم. ئىككى ئاقساقالنىڭ سۆزى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسى ۋە ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئوقۇغۇچى گو چۈەنمىي مەملىكەت بويىچە 27 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن، 6 مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن پېشقەدەملەرنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە سەمىمىي تەربىيىسىگە چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

كۆرۈشۈشتىن كېيىن، رەھبەرلەر ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە رەسىمگە چۈشتى.

(ماقالىنى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى ئەۋەتكەن)

www.uyghurkitap.com

كېلىپ چىقتى. بۇ تۈزۈم مىلادى 632 - يىلدىن باشلاپ 1924 - يىل 3 - ئايدا مۇستاپا كامال ئوسمان
ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغانغا قەدەر داۋاملاشتى. بىز
بۇ يەردە، 632 - يىلى خەلىپىلىك دۆلەت قۇرۇلۇپ، 1798 - يىلى فرانسىيىلىك ناپولېئون مىسىرغا
تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنگىچە بولغان ئۇزاق دەۋر داۋامىدا ئىسلام دىنىدا بولغان تەرەققىيات ۋە
ئۆزگىرىشلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. ناپولېئوننىڭ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئىسلام دۆلەت-
لىرىنىڭ غەرپنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى، مانا شۇنىڭدىن
ئېتىۋارەن ئىسلام دىنىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى باشلاندى.

خەلىپىلەر دەۋرى 4 باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: (1) 4 چوڭ خەلىپە دەۋرى (632—661): 4 چوڭ
خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلىدىن ئىبارەت
بولۇپ، بۇلار ئەنئەنىۋى خەلىپىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەۋردە، ئىسلام دىنىنى بىرىنچى قېتىملىق
كەڭ تارقىتىش ھەركىتى باشلاندى، ئۇزاقتىن بېرى ئەرەپ مىللىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن
ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى بىلەن، ئىسلام دىنى
مىللىي دىندىن خەلقارا دىنغا ئايلىنىپ، شەرقتە ئافغانىستان، غەرپتە مىسىر، لىۋىيەلەرگىچە تار-
قالدى؛ قۇرئان كېرىمنى رەتلەش خىزمىتى تاماملاندى؛ ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى بەرپا
قىلىنىشقا باشلىدى؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، خەلىپىلىكنى تالىشىش تۈپەيلىدىن سىياسى
گۇرۇھلار ۋە بىرىنچى قېتىملىق قوراللىق كۈرەش كېلىپ چىقتى. 661 - يىلى ھەزرىتى ئەلى
ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خەلىپىلىكنى ئۇمەۋىيە قەبىلىسىدىن بولغان مائاۋىيە تارتىۋالدى. (2)
ئۇمەۋىيە سۇلالىسى دەۋرى (661—750): بۇ دەۋردە دەمەشق پايتەخت قىلىندى ۋە ئىسلام دىنىنى
ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ تارقىتىش ھەركىتى مەيدانغا كېلىپ، ئىسلام دىنى شەرقتە ھىندىستاننىڭ
شىمالى ۋە جۇڭگو چېگرىسىغىچە، غەرپتە ماراكەش ۋە ئىسپانىيىگىچە تارقالدى؛ خەلىپىلىك
تۈزۈمى قەبىلە سايلىمىدىن ۋارىسلىق قىلىدىغان سۇلالە تۈزۈمىگە ئايلاندى. ئىسلام دىنىنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى سىياسى ۋە ئىدىيىۋى كۈرەش تەسىرى چوڭقۇر بولغان دىنىي مەزھەپلەر كۈرە-
شىگە ئايلاندى. ئاساسىي دىنىي مەزھەپلەر سۈننىي مەزھىبى (بۇ مەزھەپتىكىلەر 4 چوڭ خەلىپى-
نىڭ ھەممىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسلىرى دەپ قارايدۇ)، شىئە مەزھىبى
(بۇ مەزھەپتىكىلەر ھەزرىتى ئەلىلا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى دەپ قارايدۇ)،
خاۋارىج مەزھىبى (ھەربى دېموكراتىيە مەزھىبى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، مۇرجىئە مەزھىبى (ئارىلىق-
تىكىلەر مەزھىبى)، مۇئتەزىلە مەزھىبى (بۇ مەزھەپتىكىلەر ئىرادە ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ)
قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شەھەرلەردىكى ئاددى خەلق ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا سوفىزىم
ۋە تەركى دۇنياچىلىق ئىدىيىسى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى ۋە خەلق
قوزغىلاڭلىرى ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنى ھالاكەتكە ئېلىپ باردى. (3) ئابباسىلار سۇلالىسى دەۋرى
(750—1258): بۇ دەۋردە باغدات پايتەخت قىلىندى. پېرسىيە تۆرىلىرى ھاكىمىيىتى ئەرەپ
ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. بۇ دەۋردە كەڭ كۆلەملىك كېڭىيىش ھەر-
كىتى بولمىدى. ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان تىنچلىق ۋەزىيىتى نەتىجىسىدە ئىقتىسات، مەدەنىيەت
زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتى (ياكى ئەرەپ مەدەنىيىتى)نىڭ ئالتۇن دەۋرى

يېتىپ كېلىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ياۋروپانىڭ قەدىمقى يۇنان-رىم مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ساقلاپ قېلىشتا ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا غايەت زور تۆھپە قوشتى، يەنە شەرق ئەللىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ قەدىمقى زاماندىكى 4 چوڭ كەشپىياتىنى غەرپكە تارقىتىپ، يېقىنقى زاماندىكى ياۋروپادا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام ئىلمى (تەپسىرچىلىك، ھەدىسشۇناسلىق، فىقھە، پەلسەپە) پىشىپ يېتىلىش باسقۇچىغا يەتتى؛ شۇنىڭدەك يېڭى-كونا ئىلىم ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدا كۈرەش يۈز بېرىپ، ئەبۇلھەسەن ئەشئەرى (874 — 935) بىلەن غەززالى (1059 — 1111) ۋەكىللىگەندىكى تەۋھىدچىلار رازى (864 — 925)، كىندى (801 — 879)، فارابى (870 — 950)، ئىبنى سىنا (980 — 1037) ۋە ئىبنى رەشىد (1126 — 1198) ۋەكىللىگەندىكى ئىلمىي، ئەقلىيچىلىق خاھىشى بار پەيلاسوپلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى؛ سۇفىزىم ئەۋج ئالدى ھەمدە ئەنئەنچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىغا سىڭىپ كىرىپ، خەلىپىلىك دۆلەتتە بىر مەھەل كۆتىرىلگەن پەن تەتقىقاتى كەيپىياتىنى يوقىتىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھلى سەلىپ شەرققە قاراپ تاجاۋۇز قىلدى (1096 — 1270) ۋە موڭغۇللار غەرپكە قاراپ تاجاۋۇز قىلدى (1258-يىلى باغداتنىڭ ئىستىلا قىلىنىشى نەتىجىسىدە، ئىسلام مەدەنىيىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى)؛ ئابباسىلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى.

(4) ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى (مىلادى 13-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1798-يىلغىچە): ئوسمانلى تۈرك ئىمپېرىيىسى 3 قىتئەگە كېڭەيگەن ھەربى فېئوداللىق ئىمپېرىيە بولۇپ، ئۇنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە، ئىسلام دىنىنى ئۈچىنچى قېتىم كەڭ تارقىتىش ھەركىتى بولدى. بۇ ئىمپېرىيە 1453-يىلى كونستانتىنوپولنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى ئىستانبۇل دەپ ئۆزگەرتتى ۋە پايتەخت قىلدى، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى مۇنقەرز بولدى. بۇ دەۋردە، ئىسلام دىنى ئىسپانىيىدە تەل-تۆكۈس يوقىتىلدى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا بولسا غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ھىندىستاندا ئىسلام دىنى ئاساسىدا قۇدرەتلىك موغۇل ئىمپېرىيىسى قۇرۇلدى، دېمەك ئىسلام دىنى "غەرپتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسا، شەرقتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى". ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئۆزىنى سۈننىي مەزھىبىدە دەپ ئاتاپ، شەرىئەت جەھەتتە ھەنەفى مەزھىبىگە ئەمەل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىدى، شۇڭا فىقھە تەتقىقاتىدا قازغۇلارچە ئەگىشىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. 1798-يىلى ناپولېئون مىسىرنى ئاسانلا بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيىسى زاۋاللىغا يۈز تۇتتى.

3) يېقىنقى زاماندىكى ئىسلام دىنى (1798 — 1945 — 1981): بۇ دەۋر ئىسلام تارىخىدا كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بولغان، يەر-جاھاننى زىل-زىلىگە كەلتۈرگەن دەۋر بولدى. بىرنەچچە ئاچكۆز ھەم ۋەھشى غەرپ مۇستەملىكىچى دۆلىتى كاتتا مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى غەرپتىن شەرققىچە تېزلا بېسىۋالدى، قۇل قىلدى ۋە بۆلۈشۈۋالدى. مۇستەملىكە زۇلمى ۋە مۇستەملىكە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش، تاجاۋۇز قىلىش ۋە تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە بۇلاڭ-تالاڭغا قارشى تۇرۇش مۇشۇ دەۋردىكى ئىسلام تارىخىنىڭ ئالاھىدىلىگى. خۇددى ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەلىپىلىك دۆلەتتىكى خەلقلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى دىنىي بايراق ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغاندەك، ئىسلام ئەللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى

www.uyghurkitap.com

كۆرىشمۇ دىنىي بايراق ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن، مەككار غەرپ مۇستەملىكىچىلىرى بارلىق
ئاماللار بىلەن ئىسلام دىنى تونىدىن پايدىلاندى، مەسىلەن، 1798 - يىلى ناپولېئون سەللە يۆگەپ
قاھىرىدىكى مەسچىتكە كىرىپ، ئۆزىنى ئالـلاتائالانىڭ مۆمىن بەندىسى دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ،
لېكىن ئىككى يىلغا قالمايلا مىسىر خەلقى تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلدى. بۇ دەۋردە، ئىسلام ئەللىرىدە
ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەركىتى مەيدانغا كەلدى. 18 - ئەسىردە ئەرەبىستاننىڭ نەجد دى-
گەن يېرىدە مەيدانغا كەلگەن ۋاھابىلار پەيغەمبەر زامانىدىكى ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەركە-
تىنىڭ باشلامچىلىرىدۇر، ئۇلار مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش،
بۇتشاشتىن "بىر ئاللاغىلا ئىشىنىش"تە چىڭ تۇرۇپ، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارغا چوقۇنۇشقا، سىرتنىڭ
تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش، مىللى مۇستەقىللىقنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن،
ئافغانىستانلىق جامالىددىننىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنى بىر خەلىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتى-
پاقلىشىپ، خىرىستىيان ئەللىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىدىغان بۈيۈك ئىسلا-
مىزىمى ئوتتۇرىغا چىقتى. بىراق، بۇ ھەركەت تۆۋەن قاتلام ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زادىلا كۆڭۈل
بولمىدى، مىللى دۆلەتلەر مۇستەقىللىقىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى، نەتىجىدە بۇ ھەر-
كەت ئوسمان ئىمپېرىيىسى خەلىپىلىكىنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشى بىلەن ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ
بولدى. ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا، ئىسلام ئەللىرىدە ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايرايدىغان ئىسلاھاتچىلىق
پىكىر ئېقىمى مەيدانغا كەلدى، مەسىلەن، مىسىردا مۇدىرىزىمچى مۇھەممەت ئەبدۇ (1849 — 1905)،
ھىندىستاندا يېڭى مەدىنىيەت ھەركىتىنى مەركەز قىلغان ئىسلاھاتچى سەيىد ئەھمەتخان
(1817 — 1898) مۇھەممەت ئەكبەر (1876 — 1938)، ئەمىر ئەلى (1849 — 1928)، تۈركىيىدە
مۇستاپا كامال (1881 — 1938) رەھبەرلىك قىلغان دەھرىچىلىك ئاساسىدىكى دىنىي ئىسلاھات
ھەركىتى ئىسلام دىنىدىكى ئىسلاھاتچىلىق ھەركىتىنى دولقۇنغا كۆتەردى، بۇنىڭدىن باشقا، 19 -
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پېرسىيىدىكى بابى مەزھىبى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سۇدان-
دىكى مەھدى مەزھىبى مىللى - دېموكراتىك ھەركەتلەر داۋامىدا مەيدانغا چىققان سوفىزىم مەز-
ھەپلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار، بۇ يەردە تەپسىلى بايان قىلمايمىز.

1945 - يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئىسلام ئەللىرى كەينى - كەينىدىن
مۇستەقىللىققا ئېرىشتى؛ ھازىر مۇستەقىل بولغان ئىسلام ئەللىرى 50 كە يەتتى، بۇلار ئۈچىنچى
دۇنيادا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ب د ت دىمۇ ھەل قىلغۇچ كۈچ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئىسلام تارىخى-
دىكى يېڭى، ئۇلۇغ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدۇر. يېڭى دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بىللە، دەۋر
ئالاھىدىلىكىگە ئىگە نۇرغۇن يېڭى شەيئىلەر بارلىققا كەلدى، مەسىلەن، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى،
ئىسلام سوتسىيالىزىمى، ئىسلام ئىنقىلاۋى، ئىسلام مەركىزى ۋە باشقىلار. خەلقارا ئىسلام دىنى
تەشكىلاتلىرىدىن ئەڭ مەشھۇر بولغانلىرى مەككە مۇكەررەمدىكى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى، كارا-
چىدىكى دۇنيا ئىسلام دىنى كېڭىشى، قاھىرىدىكى ئىسلام دىنى كېڭىشى، لىۋىيىدىكى دىنىي
تەشۋىق قىلىش جەمئىيىتى قاتارلىقلار بار. لېكىن، قاھىرىدىكى ئىسلام دىنى كېڭىشى يېقىندىن
بېرى ئازراق پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئالجىرىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى يىلدا بىر قېتىم
ئاچىدىغان ئىسلام ئىدىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئىسلام دىنى ئىلمىي ئىدىيىسىنى ئالماشتۇرۇشتا خېلى

رول ئويناۋاتىدۇ. ئىسلام دىنى 15-ئەسىرگە قەدەم قويغاندا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار قىزغىن تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى، ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش بويىچە يېڭى ھەرىكەت قوزغىلىۋاتىدۇ. خەلقئارادا ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى تارىختىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ھەر يىلى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدىغانلارنىڭ سانى 2 مىليوندىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەككە زامانىۋى شەھەرگە ئايلىنىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدا ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكىنى ساقلاشقا تىرىشماقتا ھەمدە ھەج-تاۋاپ پائالىيىتىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلماقتا. ئىسلام دىنى ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە تېچ ئوكيان رايونلىرىدا مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئىسلام دىنىنىڭ 1400 يىللىق تەرەققىيات تارىخىغا ئومۇمى جەھەتتىن نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇنى كۆرىمىزكى، ئىسلام دىنى سىياسى جەھەتتە بىرمۇنچە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن دىنىي جەھەتتە ئىزچىل راۋاجلىنىپ كەلدى. ئىسلام تارىخىدىكى زور بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش شۇكى، مەزھەپلەر كۈرىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىپ، سىرتقى تاجاۋۇزچىلارغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. ئىسلام دىنى تېچلىقنى سۆيۈش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. ئەگەر پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار قۇرئان كەرىمدىكى "ئاللانىڭ ئاغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار. بىر بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار" (3-سۈرە، 103-ئايەت) دېگەن تەلىم بويىچە ئىش قىلغان بولسا، كىچىككىنە ئىسرائىلىيە ئۇلۇغ ئەرەپ مىللىتىگە بىشەملىك بىلەن تاجاۋۇز قىلىشقا قانداقمۇ پېتىنالايتتى؟ زومىگەرلەرمۇ قاراپ تۇرۇپ ئەسكەر چىقىرىپ مۇسۇلمان دۆلەت بولغان ئافغانىستاننى بېسىۋېلىشقا قانداقمۇ پېتىنالايتتى؟ شۇنداقتىمۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ غالجىر غەرىزى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بۈگۈنكى كۈندە، قەھرىمان پەلەستىن خەلقى پەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەرەپ خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ئۆز يۇرتىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆز دۆلىتىنى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرۈش يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، ئىسرائىلىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە كېڭەيمىچىلىرىگە زەربە بېرىۋاتىدۇ؛ كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە ئافغانىستان خەلقى ئىسلام ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۈشمەننىڭ قورال-ياراقلىرىنى تارتىۋېلىش يولى بىلەن ئۆز كۈچىنى زورايتىپ، خالىغان چېغىدا دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى شەھەرلەر ۋە مۇھىم قاتناش يوللىرىدا پەيدا بولۇپ، ھەممىلا يەردە سوۋېت تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە كارمىل ۋەتەن ساتقۇچلىرىدىن ئىبارەت قورچاق ھۆكۈمەتكە زەربە بېرىپ، دۈشمەننى كېچە-كۈندۈز خاتىرجەم بولالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەققانى كۈرىشى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

## 3. جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى

جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى ئاساسىي جەھەتتىن دۇنيادىكى ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. «كونا تاڭنامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى»دە ئەرەپلەر تازى دەپ ئاتالغان

www.uyghurkitap.com

ھەمدە يۈڭخۇينىڭ 2-يىلى (مىلادى 651-يىلى ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان دەۋرىدە) ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇڭگوغا تۇنجى قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى يېزىلغان؛ جۇڭگو مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى بۇنى ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشكە باشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى، ئاساسەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەرەب سودىگەرلىرى ئارقىلىق جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن. مىلادى 751-يىلى (تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ 10-يىلى) جۇڭگو قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تالاس دېگەن يېرىدە بولغان جەڭدە ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، ئەسىرگە چۈشكەن جۇڭگولۇق دۇخۇەن دېگەن كىشى ئەرەب رايونلىرىدا 10 يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ، مىلادى 762-يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، «ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ئۇنىڭدا «ئەرەب قانۇنى» (ئىسلام دىنى)نى قىسقىچە بايان قىلغان، ئۇنىڭ تاغىسى دۇيۇ يازغان «ئومۇمىي قائىدە» دېگەن كىتابقا ئۇنىڭ بىر قىسمى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ كىتاب ھازىرغىچە ساقلانماقتا، بۇ — ئىسلام ئەقىدىلىرى جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇن تونۇشتۇرۇلغان كىتاب. تاڭ سۇلالىسى جىژدېنىڭ 2-يىلى (مىلادى 757-يىلى) ئەرەب ئىمپېرىيىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن جۇڭگوغا قوشۇن ئەۋەتىپ ئەنلۇشەن توپىلىڭىنى تىنجىتىشىپ بەرگەن، كېيىن بۇ ئەرەبلەر جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. تاڭ سۇلالىسى يۈڭخۇينىڭ 2-يىلىدىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە (651—1279) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەرەب سودىگەرلىرى (ئەرەبىستان، پېرسىيە قاتارلىق جايلارنىڭ سودىگەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سودا قىلىش ئۈچۈن دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق جۇڭگوغا ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇرغان، ئۇلار، ئاساسەن، گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ، خاڭجۇ، ياڭجۇ، چاڭئەن قاتارلىق شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مىلادى 1279-يىلى موڭغۇللار سۇڭ سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىپ، يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغان (1279-1368)، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى موڭغۇل قوشۇنىغا قوشۇلۇپ كۆپلەپ جۇڭگوغا كەلگەن، شۇڭا «مىڭ تارىخنامىسى. سەمەرقەنت تەزكىرىسى»دە "يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مۇسۇلمانلار ھەممە جايغا تارقالغان" دېگەن سۆز بار. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ "ئەرەبلەر" دېگەن نامنىڭ ئورنىنى "مۇسۇلمانلار" دېگەن نام ئېلىشقا باشلىغان. يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى دەۋرلەر جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى كۆپەيگەن ۋە يۇكسەلگەن دەۋر بولدى. شۇ چاقتا كەلگەندە، ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مىللەتلەر قوشۇلۇپ، ئېلىمىزدە خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، دۇڭشياڭ، تاجىك، تاتار، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 ئاز سانلىق مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش تارىخى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى جۇڭگو مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپىلەرنى قوشقان، ئاسترونومىيە، يىلنامە جەھەتتە بولۇپمۇ شۇنداق.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇسۇلمان ئالىم جامالىددىن بېيجىڭدا رەسەتخانا قۇرغان ھەمدە ئاسترونومىيىگە دائىر 7 خىل ئەسۋاپنى ياساپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ تۈزۈپ چىققان مۇسۇلمانلار يىلنامىسى جۇڭگو يىلنامىسىنى ياخشىلاشتا ناھايىتى زور رول ئوينىغان. يۈەن سۇلالىسىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 400 يىل ئىچىدە، ھۆكۈمەت

مەخسۇس يىلنامە تۈزۈش ئىشىنى باشقۇرىدىغان "مۇسۇلمانلار ئاسترونومىيە مەھكىمىسى"نى تەسىس قىلغان. تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك جەھەتتە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى قۇبىلەيخان 1270-يىلى مۇسۇلمانچە دورىلارنى ياسايدىغان "گۇاڭخۇي مەھكىمىسى"نى تەسىس قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 1292-يىلى مۇسۇلمانلار دورىخانىسى تەسىس قىلغان. ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتە، ئەينى چاغدىكى ۋە كېيىنكى چاغلاردىكى كىشىلەر گاۋكىگۇڭ (؟—1310)نىڭ رەسىملىرىنى ھوزۇر-لىنىپ كۆرگەن، سەئىدۇللا (تەخمىنەن 1300—1360)نىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇغان. شەمسىددىن (1278—1351) توشقان ئالىم بولۇپ، ئۆز ئۆمرىدە ئون نەچچە خىل ئەسەر، 30 توپلام ماقالا يازغان، ئۇنىڭدىن «خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كەلكۈنىدىن مۇداپىئەلىنىش توغرىسىدا ئومۇمىي مۇلاھىزە» دېگەن كىتاپ ھازىرمۇ ساقلانماقتا. ئىختىيارىددىن كاتتا مىمار بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىنى لايىھىلىگۈچىدۇر. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لى جى (1527—1602) مۇتەپەككۇر، تارىخشۇناس ۋە ئەدىپ بولۇپ، ئۇنىڭ «نوم — بېتىگ»، «نوم — بېتىگنىڭ داۋامى»، «فىنشۇ»، «فىنشۇنىڭ داۋامى» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قالغان. مىلادى 11-ئەسىر-نىڭ 70-يىللىرىدا ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان 13 مىڭ 290 مىسرالىق داستان «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزاقتىن بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان، 340 مۇزىكىلىق ناخشا-دىن تەركىپ تاپقان «12 مۇقام» جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت باغچىسىدىكى ئوتقاشتەك قىزىل گۈلدۇر. جۇڭگونىڭ سىياسى تارىخىدىمۇ نۇرغۇن مۇسۇلمان ئەرباپلار، مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ باش ۋالىسى بولغان، شۇ جاينىڭ مەدەنىيەت، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان سەيىد شەمسىددىن؛ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 28 يىل ئىچىدە (1405—1433) يەتتە قېتىم جۇڭگو كېمىچىلىرىنى باشلاپ، "غەرپكە بېرىپ"، جۇڭگو بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسات-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن جېڭ خې (1371—1435)؛ ئادىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ئادالەتنى قوللىغان، فېئودال خانلارنى تەنقىت قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ ئەمەلىدىن قالدۇرۇلغان خەي رۈي (1514—1587، ئۇنىڭ «خەي رۈي توپلىمى» دېگەن ئەسىرى بار)؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (1894-يىلى) چاۋشيەن خەلقى بىلەن بىللە ياپونىيىنىڭ تاجا-ۋۇزىغا قارشى تۇرغان مۇسۇلمان سەركەردە زو باۋگۈي؛ 1900-يىلى تيەنجىن ۋە بېيجىڭدا 8 دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرغان مۇسۇلمان سەركەردە مافۇلۇ؛ ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە 5 يىل ئىچىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى يۈز نەچچە قېتىم جەڭ قىلىپ، "يېمىرىلمەس پولات قوشۇن" دەپ ئاتالغان خۇيزۇلار شۆبە ئەترىدىنىڭ قوماندانى ما بېنجەي جياڭجۇن (1901—1944) قاتارلىقلار ئۆتكەن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىن (17-ئەسىردىن) بۇيان، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىدىن خەنزۇچە ئەسەر يېزىپ ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بايان قىلغان بىرمۇنچە ئۆلىمالار بارلىققا كەلگەن، مەسىلەن، ۋاڭ دەيىۇ (تەخمىنەن 1570—1660) «ئىسلام بىلىملىرى»، «ئىسلام ھەقىقىتى» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلەرنى يازغان؛ ماجۇ (1640—1711؟) «ئىسلام قوللانمىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان؛ ليۇجى (تەخمىنەن 1660—1720 يىللار ئارىلىغىدا) «ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرى»، «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمە-

جوزىغا كەلسڭىز بولمايدۇ، مەن بىرىپ مۇسۇلمانچە تاماق يەي دىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، مۇسۇلمان ۋەكىللەر جوزىسىغا كېلىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە تاماق يىدى. جۇ زۇڭلى كۆپچىلىك بىلەن سەممىي هالدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، كوپچىلىكنىڭ بىيجىڭنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنەلىگەن-كۆنەلمىگەنلىگىنى سورىدى، قىزىق پاراڭلارنى قىلىشتى ۋە چەكسىز غەمخورلۇق قىلدى. جۇ زۇڭلىنىڭ "ئورۇن ئالماشتۇرۇش"ىدىن ئىبارەت بۇ تەسىرلىك هەركىتىدىن تەسىرلىنىپ، هەممىمىزدىن بەختلىك كۆز ياشلىرى تۆكۈلدى. مى چاڭماۋ ئاخۇن جان ئۆزۈشتىن ئىلگىرى سۆزلەپ بەرگەن بۇ ئەسلىمىنى ئاڭلاپ بىز چوڭقۇر تەربىيە ۋە ئىلهام ئالدۇق. ئەينى يىللاردا شۇ زىياپەتكە قاتناشقان ماچۇجىن (هازىر شەندۇڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتىتىنىڭ دائىمى ئەزاسى، مىللى ئىشلار كومىتىتىنىڭ مەسلىهەتچىسى، سىياسى كېڭەش مىللى-دىنىي ئىشلار خىزمىتى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىغى) خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشتەك ئەسلەپ مۇنداق دىدى: شۇ كۈنى ئاخشىمى جۇ زۇڭلى مەخسۇس زىياپەت بىرىپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پارات كۆرۈش ئۆمىگىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى مېهمان قىلدى، ئۇ ئاتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە هۆرمەت قىلىپ، مۇسۇلمانلار جوزىسىغا كېلىپ ئولتۇردى، بۇ شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ماهىنۇرغىلا قىلىنغان غەمخورلۇق بولماستىن، بەلكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان هۆرمەت ئىدى، جۇ زۇڭلى پارتىيىنىڭ مىللى سىياستى ۋە دىنىي سىياستىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلدى، جۇ زۇڭلىنىڭ "ئورۇن ئالماشتۇرۇپ"، مۇسۇلمانلار جوزىسىغا كېلىپ تاماق يىگەنلىگى زور ئەهمىيەتلىك، قاتتىق تەسىرلىك ئىش بولغاچقا، زىياپەتتىكى هەممە كىشىنى قاتتىق هاياجانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. كۆپچىلىك زىياپەتتىكى ئىسسىق تاماقلارنى يىيىشنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپ، جۇ زۇڭلىنىڭ غەمخورلۇغىدىن ئىبارەت بەختتىن هوزۇرلانغان ئىدى. جۇ زۇڭلىنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا گەرچە خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئاتىمىزنىڭ شانلىق ئوبرازى، چوڭقۇر تەربىيىلىرى ۋە سەممىي غەمخورلۇغى كىشىلەرنى هىلىمۇ چوڭقۇر تەربىيەلەپ، بىزنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ مىللى، دىنىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، 80-يىللاردىكى 3 چوڭ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا مەڭگۈ ئىلهاملاندۇرماقتا.

# مەھەللىمىزدىكى باشلامچى

## — تۇدۇنفاڭ مەھەللىسىدىكى ئاخۇن خې بىڭجىن ھەققىدە

چېن خۇا

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى تۇدۇنفاڭ مەھەللىسىدە 10 مىڭچە مۇسۇلمان بار. خې بىڭجىن مەھەللىمىزنىڭ داڭلىق ئاخۇنى. ئۇ سەممىي، ئاقكۆڭۈل، چىقىشقاق، تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، ئىقتىساتچان بولۇپ، ئۆزىنى كۆپچىلىك بىلەن ئوخشاش تۇتىدۇ، ھەرگىز باشقىلاردىن چوڭ تۇتمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، قۇربان ھېيتتا ئۆز پۇلىغا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلىدىن 100 نۇسخا سېتىۋېلىپ، تۇدۇنفاڭ مەھەللىسىدىكى دىنداشلىرىغا تارقىتىپ بەرگەن.

### مەسچىت رېمونت قىلىشتا ئامما غەيرەتكە كەلدى

دىنىي سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسچىتنى قايتىدىن رېمونت قىلىشنى قارار قىلدى. خې بىڭجىن ئاخۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۇدۇنفاڭ مەھەللىسىدىكى مۇسۇلمانلار دۆلەتتىن بىر تىيىنمۇ تەلەپ قىلماي، 60 كۈنلۈك ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدىكى كونىراپ كەتكەن مەسچىتنى رېمونت قىلىپ، يېپ-يېڭى تۇسكە كىرگۈزدى. مەسچىتنى رېمونت قىلىشتا ئۇلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ئىقتىسات قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇش پىرىنسىپى بويىچە ئىش كۆردى، سېلىق سالمىدى، ئامما ئىختىيارىي ئاساستا ئىشلىدى. مەسچىتنى رېمونت قىلىۋاتقان ئالدىراش كۈنلەردە، خې بىڭجىن ئاخۇن ئىش ئورنىدىن ئايرىلمىدى، رېمونت قىلىشتىن تارتىپ ئاقارتىش ۋە سىرلاش ئىشلىرىغىچە ئۆزى قول سالدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك قوماندانلىق قىلىشى ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، مەسچىت تېز ھەم سۈپەتلىك رېمونت قىلىندى. ئۇ ھەمىشە، بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىشىمىز، ئاممىنىڭ سېلىقىنى ئىمكان قەدەر يەڭگىللىتىشىمىز لازىم، دەيتتى.

## ئادەمنى ئاسراش، ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن 3 يىلدا قىياپەت ئۆزگەرتىلدى

مەسچىت رېمونت قىلىنغاندىن بۇيان، خې بىگجېن ئاخۇن كۆپچىلىكنى كۆچەت تىكىشكە چاقىردى، مەھەللىدىكى مۇسۇلمانلار پائال قوزغالدى. ئۇلار تىككەن كۆچەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى يېتىشتۈردى. ھازىرغا قەدەر ئۇلار تىككەن كۆچەتلەردىن 580 تۈپى ماتېرىيالغا يارىغۇدەك بولدى، 1 مىڭ تۈپىنىڭ دىئامېترى 15 سانتىمېترغا يەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 10 مىڭ تۈپ كۆچەت تەييارلاندى. ھازىر مەسچىت ئىچى بۈك-باراقسان دەرەخ بىلەن قاپلىنىپ، ئاجايىپ كۆركەم تۈس ئالدى. دەل-دەرەخلەرنى باشقۇرۇشقا مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ خادىملىرى ۋە ئاخۇنۇم مەسئۇل بولدى، خۇسۇسەن خې بىگجېن ئاخۇن ھەر كۈنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا دەل-دەرەخلەرنى چاتىدى ۋە سۇغاردى. شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار: بىزنىڭ ئاخۇنىمىز ھەم ئادەمنى ئاسرايدۇ، ھەم ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، دېيىشتى.

## ئۆزى پۇل چىقىرىپ قەۋرىستانلىقنى رېمونت قىلىپ، 600 مېتىر چۆرە تام سالدى

تۇدۇنفاڭ مەھەللىسىدىكى مۇسۇلمانلار قەۋرىستانلىقى 100 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باشقۇرۇشسىز قالغاچقا، ئۇنىڭ چۆرە تاملىرى ئۆرۈلۈپ، ئۇلاغلار خالىغانچە كىرىپ-چىقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. خې بىگجېن ئاخۇن ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ خادىملىرى مۇسۇلمانلارنى باشلاپ قەۋرىستانلىقنىڭ 600 مېتىر چۆرە تېمىنى پۈتۈنلەي رېمونت قىلىپ چىقتى.

خې بىگجېن ئاخۇن تۇدۇنفاڭ مەھەللىسىگە كەلگەندىن ئېتىۋارەن، شۇ مەھەللىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقى تېخىمۇ كۈچەيدى. چۈنكى خې بىگجېن ئاخۇن بارغانلا يېرىدە مىللىي سىياسەتنى ۋە دۆلەتنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى شۇ جايغا سىڭدۈردى. خې بىگجېن ئاخۇن دائىم كۆپچىلىككە: بىز يېڭى جۇڭگونىڭ مۇسۇلمانلىرى، "ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر"، بىز چوقۇم ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشىمىز، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك سىياسەت ۋە ئەمر-پەرمانلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىشىمىز، كوللىكتىپ ئەمگەككە ئاكتىپ قاتنىشىشىمىز، پەن بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم، دەيتتى. ئۇ يەنە: مەن ئىمام بولۇشتا ئۆزەمنى ئەمەس، دىنىمىزنى كۆزدە تۇتىمەن، دەيتتى. كەڭ مۇسۇلمانلار ئۇنى ماختاپ، مەھەللىمىز تۇدۇنفاڭدا مۇشۇنداق ياخشى ئاخۇن بولغاچقا، مەھەللىمىزنىڭ ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولماقتا، دېيىشمەكتە.

تۇدۇنفاڭ مەھەللىسىدىكى مۇسۇلمانلار يەرلىك رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۈلگىلىك مەھەللىلەردىن ئۆگىنىشكە بەل باغلىدى. ئۇلار پائال تىرىشىپ، ئۆز ئۆزىنى قامداش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، دىنىي ئىشلارنى ئىقتىساتچىللىق بىلەن باشقۇرۇشنىڭ 1984-يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

# "كۆچەت تىكىش مەستانىسى" — لەن جەنفۇ

ما ياۋخۇا

خۇيزۇ بوۋاي لەن جەنفۇ بۇ يىل 74 ياشقا كىردى، ئۇ گەنسۇ ئۆلكىسى پىڭلياڭ ناھىيىسىدىكى بەيمياۋ گۇڭشېسىنىڭ "جيۇلۇڭتەن" دېگەن يېرىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بويى پاكار بولسىمۇ، بەللىرى مۈكچەيمىگەن، ناھايىتى تىمەن ئادەم. ئۇنىڭ "جيۇلۇڭتەن"دە دەرەخ تىكىپ كېلىۋاتقىنىغا 30 يىل بولدى.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، ئۇ ئۇزاق يىللار ئولتۇرۇپ كەلگەن بەيمياۋيۈەندە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى كۆپ بولاتتى، لەن جەنفۇ ئۆيىدىن ئايرىلىپ شەھەرگە كىرىپ، ئوت-سامان سېتىپ، ئائىلىسىنىڭ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى قامداشقا مەجبۇر بولغان. ئازاتلىقتىن كېيىن، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان يىلى، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن، ئايرىلغىلى ئۇزاق يىللار بولغان بەيمياۋيۈەنگە قايتىپ كېلىپ، "جيۇلۇڭتەن"دە ئىككى گەمە كولاپ، ئورۇنلىشىپ، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان يەرلەرنى تېرىش بىلەن بولىدۇ. بىراق، قاقاس سايلارغا قاراپ ئۇنىڭ ئىچى تىت-تىت بولىدۇ. "جيۇلۇڭتەن" دېگەن بۇ جاي، ئەمەلىيەتتە، ئادەمنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدىغان قاقاس ساي ئىدى، بۇ جاينىڭ بىردىن-بىر ئالاھىدىلىكى سايدا سۇ چىقىپ تۇرىدىغان بىرنەچچە بۇلاق بار ئىدى، بۇ بۆرە ۋە ياۋا توشقانلارنىڭ ماكانى ئىدى.

بۇ قاقاس جىلغىدا لەن جەنفۇ ئائىلىسىلا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ئۇ يەردىن كۆسەي قىلغۇدەك ياغاچمۇ تېپىلمايتتى. ئۇ چاغلاردا لەن جەنفۇ 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، تەمبەل ئادەم ئىدى. ئۇ، ھازىر ئازات بولدۇق، بىزگە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ، ماكانىمىز ۋە يېرىمىز بار، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز، ئەمدى يەرلىرىمىزگە ئوبدانراق ئىشلىسەك ۋە ئاز-تولا دەل-دەرەخ تىكسەكلا، كېلىمىزدىن ۋە ئوتۇندىن غەم قىلمايمىز-دە، تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. "يېقىنىنى كۆزلەپ باي بولاي دېسەڭ ئوغۇت توپلا، يىراقنى كۆزلەپ باي بولاي دېسەڭ كۆچەت تىك" دەيدىغان گەپ بار. ئۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا، ئۈرۈك، سۆگەت، شاپتۇل، تېرەك كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈشكە باشلايدۇ. نەچچە ئون چاقىرىم دائىرىسىدىكى جىلغىدا ئۇنىڭ دەرەخ ئۇرۇغى ۋە كۆچەت ئىزلەپ، بارمىغان يېرى قالمايدۇ. يىللار ئۆتۈپ بارىدۇ، ئۇ كۆچەت تىكىشنى توختاتمايدۇ. كۆچەت يېتىشمىسە، ئۆزى يېتىشتۈرۈپ، ئۆزى تىكىدۇ، ئۇ كۆچەتلەرنى ئۇلاشنى ئۆگىنىۋالىدۇ ھەمدە يېڭى سورتلارنىمۇ تېپىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆز قوراسىنى چۆرىدىگەن ھالدا، 4 ئەتراپقا كېڭەيتىپ كۆچەت قويۇشقا باشلايدۇ. 10 يىلدىن كېيىن، 20 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك دەرەخلەر خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالىدۇ ۋە پۈتۈن قورا دەرەخ سايىسى بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر يىلى ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرى قىزىرىپ پىشقان شاپتۇللار، ياپ-يېشىللىققا پۈركەلگەن سۆگەتلەر؛ پىشىپ مەي بولغان مېۋىلەر، شاخلىرى كۆتىرەلمەي قالغان نەشپۈت ۋە ئالمىلار، تاڭ سۇلالىسىدا ئۆتكەن شائىر مېڭ خاۋرەننىڭ «قەدىناس

دوستۇمنى يوقلاپ سەراغا بارغاندا» دېگەن شېئىرىدا "مەلىسنىڭ چەتلىرى بوستان ئىكەن، سە[illegible]
نى ئوراپتۇ كۆپ-كۆك تاغ تامام" دېگىنىدەك كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرىنى ئەسلىتىدۇ.

"جيۇلۇڭتەن"نىڭ قىياپىتى ئۆزگەردى، كىشىلەر لەن جەنفۇنى سەممىمى ھالدا، "كۆچەت تىكىش مەستانىسى" دېيىشتى. ئۇنىڭ سىڭدۈرگەن ئەمگىكى كۆپ بولغانسېرى تاپاۋىتىمۇ شۇنچە كۆپ بولدى، ماتېرىيالغا يارىغۇدەك دەرەخلەر ۋە ئوخشىغان مېۋىلەردىن لەن جەنفۇ كىرىم قىلىشقا باشلىدى. قالغۇدەك ئوتتۇنمۇ تېپىلمايدىغان بەيمياۋيۈەندە، ئۇ ھەر يىلى دەل-دەرەختىن چاتىۋەتكەن شاخ-شۇمبىنى ئۇنىڭ ئائىلىسى قالايمۇ تۈگىتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئائىلىنىڭ "يېشىل بانكا"سى بولغاچقا، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە ئوتۇن-ياغاچتىن غەم قىلمايدىغان بولدى-دە، ئۇ پۈتۈن زېھنىنى تېرىقچىلىق قىلىش ۋە كۆچەت تىكىشكىلا قاراتتى. 3 يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدىمۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسى تۇرمۇشتا "يېشىل بانكا"سىغا تايىنىپ، ئانچە كۆپ قىينالمىدى.

بىراق، ياخشى كۈنلەر دائىم ھەمرا بولالماس دېگەندەك، 10 يىللىق مالىمانچىلىق "كۆچەت تىكىش مەستانىسى"نى چوڭقۇر ئازاپ-ئوقۇبەتتە قالدۇردى. لەن جەنفۇ "بىردىنلا بېيىپ كەتكەن ئائىلە" ۋە "يېڭى پومېشچىك" قىلىنىپ، چوڭ-كىچىك يىغىنلاردا كۈرەش قىلىندى؛ نەچچە 10 مىڭ تۈپ "كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان دەرەخلەر" خالىغانچە كېسىپ تاشلاندى. دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇشى بوۋاينىڭ يۈرەكلىرىنى زەرداپ قىلىۋەتتى. "يېشىل بانكا" تاقاپ تاشلىنىپ، پۈتۈن ئائىلە ئېغىر كۈنگە قالدى. قېپقالغان ئازغىنا كۆچەتلەر "كوللېكتىپ ئىگىدارلىقى"غا ئۆتكۈزۈلۈپ، قارايدىغان ئادەم بولمىدى، ھەر كىم خالىغانچە كەستى، بۇنى كۆرگەن لەن جەنفۇنىڭ ئىچى سىرىلدى-دە، خالىس ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئورمانغا قارىدى، كىمكى دەل-دەرەخنى بۇزسا، ئۇنى نەسىھەت بىلەن توستى، شۇنىڭ ئۈچۈن لەن جەنفۇ بىرمۇنچە كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويدى ۋە بىرمۇنچە تىل-ئاھانەتلەرگە قالدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئۆزەڭگە ئىش تېپىۋالمىغىن دەپ نەسىھەت قىلدى. بىراق ئۇ كۆچەتلەر بىزنىڭ بولمىغىنى بىلەن، بەربىر كۆپچىلىكنىڭغۇ، كىچىككىنە پايدىنى دەپ، دەرەخلەرنىڭ نابۇت قىلىنىۋاتقىنىغا ئىچىم سىرىلىۋاتىدۇ، باشقىلارنى رەنجىتىپ قويساممۇ، بۇ دەرەخلەرنىڭ قايتا زىيانغا ئۇچرىشىغا يول قويمايمەن، دېدى.

"4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىندى، 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن بەيمياۋ گۇڭشېسى پارتكومى چەيسى داداۋىنىڭ ئەزالار يىغىنىدا، ئىلگىرى لەن جەنفۇغا تېڭىلغان جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاغدۇرۇپ تاشلانغانلىقىنى؛ مۇسادىرە قىلىنغان دەل-دەرەخلەر ۋە ئورمانغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى، پەرزەنتلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەمدە داداۋى ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۈيى زىياننى تۆلەپ بېرىشى لازىملىقىنى ئېنىق ئېلان قىلدى. ياخشى ۋەزىيەت لەن جەنفۇنىڭ كۆچەت تىكىش غەيرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى يېتەكلەپ، تەكشى پەلەمپەيلەرنى ياسىدى، ئازگال كولىدى، ئەتىيازدا كۆچەت تىكسە، كۈزدە كۆچەت تېرىدى، دەل-دەرەخنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلدى.

بىكارلا بولۇپ قالسا، دەرەخلىققا كىرىۋېلىپ، ئوت ئوتاش، توپا بوشىتىش، شاخلىرىنى چاتاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ھەلەك بولدى. يامغۇر ياققان چاغلاردا، ئېرىق چېپىپ سۇنى كۆلچەككە باشلاپ، قۇرغاقچىلىق بولغان چاغلاردا كۆچەتلەرنى سۇغاردى، كىيىم-كېچەكلىرى لاي بولۇپلا يۈردى. ھەممىشە تامقى تەييار بولۇپ قالغاندا، ئايلى ئۇنى قايتا-قايتىلاپ چاقىرغاندىلا، ئاندىن قايتىپ كەلدى. ئايلى ئۇنىڭ لايغا مىلەنگەن تۇرقىنى كۆرۈپ، ئىچ ئاغرىتقان ھالدا: جانلىرىنى ئايىمايلا، قانداق "دەرەخ جىنى" ئولىشىۋالدى؟ دېدى. بوۋاي پىخىلداپ كۈلۈپ قويۇپ، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ياپ-يېشىللىققا پۈركەنگەن تاغنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئەنە شۇ جىن ئولىشىۋالدى، دېدى.

"جيۇلۇڭتەن"نىڭ قىياپىتىدە يەنە ئۆزگىرىش بولدى. بۈك-باراقسان بولغان 20 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ماتېرىيال دەرىخى ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىردى. 4 مو كۆچەتزارلىقتىكى بېيجىڭ تېرىكى ۋە شىنجاڭ تېرىكى پەلەككە قاراپ بوي تارتماقتا؛ بىرنەچچە مو يەردىكى ئوت-چۆپ خۇش پۇراق چاچماقتا. "جيۇلۇڭتەن"نىڭ ئۆزگىرىشى لەن جەنفۇغا يېڭى دارامەت ئېلىپ كەلدى. دەل-دەرەخلەر، مېۋە-چېۋىلەر، شاپتۇل مېغىزى، ئۈرۈك مېغىزى، كاۋاۋىچىن قاتارلىقلاردىن كىرگەن كىرىم، ئوت-چۆپ بىلەن بوداڭغان جانلارلاردىن كىرگەن كىرىم "يېشىل بانكا"دىكى پۇلنى كۆپەيتتى. لەن جەنفۇ "جيۇلۇڭتەن"نى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان بولدى. ئۇ ئىلگىرىكى ئورمانلىققا تولۇقلاپ كۆچەت قويدى ۋە دەرەخ تېرىدى. ھازىر ئۇ "جيۇلۇڭتەن"نى يېڭىدىن پىلانغا ئېلىپ، بۇ يىل "جيۇلۇڭتەن"نى ئومۇملاشتۇرۇپ تىزگىنلەپ، ئاشلىق تېرىلىدىغان ئېتىزلارنى يەنىمۇ تۈزلىدى، تاغ قاپتىلىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە قارا ياغاچ، تەسكەي تەرىپىگە تۇخۇمەك، جىلغا بويلىرىغا سۆگەت تىكتى، يانتۇ يەرلەردە تەكشى پەلەمپەي ياساپ، تېرەك تىكتى، كۈنگەي تەرەپتىكى ياخشى يەرلەرگە مېۋە دەرىخى قويدى، تۈز يەرلەرگە ئوت-چۆپ تېرىدى، لاتقىلىق جايلاردا كۆچەت يېتىشتۈردى. بىر ئەتىيازدا، ئۇ بىر يوللا 1مىڭ 500 نەچچە تۈپ كۆچەت تىكتى، ئىككى مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈردى، ئىككى مو يەرگە ئوت-چۆپ تېرىدى، يەنە نۇرغۇن مېۋە دەرىخىنى ئۇلىدى.

"جيۇلۇڭتەن"دىكى ئۆزگىرىشلەر پارتىيىنىڭ سىياسىتىنىڭ ياخشى بولغانلىقى، شۇنداقلا لەن جەنفۇ بوۋاينىڭ جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ كۆچەت تىكىپ، ئوت-چۆپ تېرىپ، ۋەتەننى كۆكەرتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. پارتىيە ۋە خەلق ئۇنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. بۇ بوۋاي 1982-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئۆلكىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا قاتناشتى، ئۇنىڭغا ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى دېگەن شەرەپلىك ناملار بېرىلىپ، تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

مەركىزىي كومىتېت ئوت-چۆپ تېرىپ، كۆچەت تىكىپ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، تاغ-دەريالارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، نامراتلىقنى تۈگىتىپ بېيىشقا چاقىرىق قىلدى. لەن جەنفۇ بۇنى ئاڭلاپ، راسا ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ مەركىزىي كومىتېت چاقىرىق قىلغان ئىكەن، قېرىپ قالغان بولساممۇ، جېنىمنى تىكىپ قويۇپ ئىشلەپ، يېڭى نەتىجە يارىتىپ، "جيۇلۇڭتەن"نى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرىمەن دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پىشقەدەم ئاخۇن مەكتەپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلدى

تەھرىر ئىلاۋىسى:

4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى پەن - تېخنىكىغا مۇھتاج. دۆلىتىمىزنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتى ئۈچۈن، دۆلىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىشى، بولۇپمۇ چەت - چېگرا رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار مەدەنىيەت - مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆگىنىشتە ئەينەك قىلىشى ئۈچۈن، 1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان «پىشقەدەم ئاخۇن مەكتەپ ئىشلىرىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلدى» دېگەن ماقالىنى ژورنىلىمىزغا باستۇق.

گەنسۇ ئۆلكىسى كاڭلې ناھىيىسىنىڭ ساۋتەن يېزىسىدىكى جۇنا، سەيزىگۇ ۋە چېچاڭگۇ كەنتلىرى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تاغلىق كەنتلەردۇر. بۇنىڭدىن 3 يىل ئىلگىرى، بۇ يەر تېخى ناھىيە بويىچە نامىبار ساۋاتسىزلار كەنتى ھېساپلىناتتى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ھەممە دىخانىنىڭ بالىلىرى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان مەدەنىيەتلىك يېزىغا ئايلىنىپ، ئوبلاستلىق ۋە ناھىيىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. كىشىلەر بۇ ئۆزگىرىش ئۈستىدە توختالغانلىرىدا، ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن مىللى مائارىپ ئىشىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلگەن پىشقەدەم ئاخۇن جاڭ پېيلۇڭنى ماختىشىدۇ.

جاڭ پېيلۇڭ 60 ياشقا يېقىنلاشقان بولۇپ، ساۋتەن يېزىسى جۇنا مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى. بۇ يېزىدا يەر كۆپ، ئادەم ئاز بولغاچقا، 1980 - يىلى مەھسۇلات ئائىلىلەرگە كۆتۈرىگە بېرىلگەندىن كېيىن، كۆپ سانلىق دىخانلار ئۆز بالىلىرىنى ئۆيدە كالا - قوي بېقىشقا ۋە بالا بېقىشقا سالغان. بىر قىسىم بالىلار قارىخانىغا كىرىپ قولىغا تاختا ئالغان. بىر 5 يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپتە 3 ئوقۇغۇچى ۋە 3 ئوقۇتقۇچىلا قالغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، پىشقەدەم ئاخۇننىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولغان. ئۆتكەن يىل، سابىق گۇڭشې تەرىپىدىن چاقىرىلغان كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، گۇڭشې ئەزالىرى ۋەكىللىرى ۋە دىنىي زاتلار يىغىنىدا، ئۇ قاتتىق تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېگەن: "يۇرتداشلار، ئىلگىرى بىز ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان، دۆي بويىچە بوغالتىر

بولالغۇدەك بىرەر كىشمۇ تېپىلمايتتى. بۇگۇنكى كۈندە پارتىيە بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مەكتەپنى دەرۋازىسىمىزنىڭ ئالدىدىلا ئېچىپ بەردى، بۇنداق ئەھۋالدا، قانداقلا بولمىسۇن بۇرۇننىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئەخمىقانە ئىشنى قىلمايلى". يىغىندىن كېيىن، ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ 2 نەۋرىسىنى مەكتەپكە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن، ئۇ يەنە سەۋرچانلىق بىلەن 30 نەچچە بالىنى تاختىنى تاشلاپ، يېڭىۋاشتىن مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا كۆندۈرگەن.

جاڭ پېيلۇڭ ئاخۇن ئۆزى ئۆلگە بولۇپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ ئائىلە باشلىقلىرىنى كۆندۈرۈپ، بالىلىرىنى سەپەرۋەر قىلغان. جۇنا كەنتىدىكى خۇيزۇ گوڭشىي ئەزاسى بەي جەنلىننىڭ 2 بالىسى بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى قىيىن بولغاچقا، يېرىم يولدا مەكتەپتىن چېكىنىپ چىققان، جاڭ پېيلۇڭ ئاخۇن ئۆزى پۇل چىقىرىپ، 2 بالىنىڭ داۋاملىق مەكتەپتە ئوقۇشى ئۈچۈن سىيا-قەلەم ۋە دەپتەر ئېلىپ بەرگەن. بەي جەنلىن بۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ، ئەتىسى 2 بالىسىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەن. خۇيزۇ گوڭشىي ئەزاسى بەي بەيگې بىر ئوغلى ۋە بىر قىزى بار تۇل خوتۇن بولۇپ، مەھسۇلات ئائىلىلەرگە كۆتىرىگە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئېتىز-ئېرىق، ئائىلە ئىشلىرىغا ۋە كالا-قويلىرىغا قارايدىغان بولغاچقا، يېتىشەلمەي پاي-پېتەك بولۇپ كەتكەن، نەتىجىدە 2 بالىسىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالماقچى بولغان. جاڭ پېيلۇڭ ئاخۇن بۇنى ئاڭلاپ، بەي بەيگېنىڭ كالا-قويلىرىنى ئۆزىنىڭ بىر تۇققىنىنىڭ بېقىپ بېرىشىگە تاپشۇرغان، يەنە كەنتتىكى ياشلارنى دىخانچىلىقنىڭ قاتلاڭ مەزگىلىدە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان. بەي بەيگې پىشقەدەم ئاخۇننىڭ بالىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن شۇنچىۋالا جان كۆيدۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆپ تەربىيە ئالغان، شۇنىڭدىن كېيىن دىخانچىلىق ئىشلىرى ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، بالىلىرىنى ئىشقا تارتماي، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلغان.

شۇنداق قىلىپ، پىشقەدەم ئاخۇن گوڭشىي ۋە دۈي رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ ياشانغانلىقى ۋە ئاجىزلىقىغا قارىماي، تاغ-چوقىلاردىن ئېشىپ، ئۆيمۇ-ئۆي ئارىلاپ، 3 كەنتتىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى مەكتەپكە كىرىشكە سەپەرۋەر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئۆتكەن يىلدىكى 10 نەچچىدىن كۆپىيىپ، ھازىرقى 110 نەچچىگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچىلار 3 تىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يىل ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە 20 نەچچە يۈەن پۇل چىقىرىپ، ئائىلە تۇرمۇشى قىيىن بولغان ئوقۇغۇچىلارغا 100 نەچچە تاپشۇرۇق دەپتىرى ۋە 100 نەچچە قېرىنداش ئېلىپ بەرگەن.

پىشقەدەم ئاخۇن جاڭ پېيلۇڭ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇشىغىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. جۇنا باشلانغۇچ مەكتىۋى ئۆتكەن يىل ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان

www.uyghurkitap.com

باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، شەرت ـ شارائىتى ناچارراق ئىدى. ئۆتكەن يىلى زىمىستان قىشتا، بىر كۈنى قېلىن قار ياققاندا، جاڭ پېيلۇڭ ئاخۇن مەكتەپتە ياتقان ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەنسىرەپ، قار كېچىپ مەكتەپكە بېرىپ ئۇلارنى يوقلىغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلار ياتقان كاڭنىڭ سوغاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا، دەرھال 2 نەۋرىسىدىن ئۆزىنىڭ كاڭنى ئىسسىتىدىغان يېقىلغۇسىدىن 10 نەچچە سېۋەت ئەۋەتكەن. بۇ يىل 9 ـ ئايدا، ئوقۇتقۇچى كاڭ شياۋبىڭنىڭ يولدىشى ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ، 3 بالىسى تاماقتىن قىينىلىپ قالغان. جاڭ پېيلۇڭ ئاخۇن بۇنى ئاڭلاپ، بىر سېۋەت پوشكال ئېلىپ ئۆزى كاڭ شياۋبىڭ مۇئەللىمنىڭكىگە ئاپىرىپ بەرگەن ھەمدە ئۇلارغا يادەملىشىپ ئائىلە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن. كاڭ شياۋبىڭ مۇئەللىم بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تەسىرلىنىپ نىمە دېيىشىنى بىلمەي قالغان، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن تاغلىق رايوننىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئىشتىياق باغلاپ، ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇتىدىغان بولغان.

قىلغان ئەجىر بىكارغا كەتمىگەن. جۇنا، سەيزىگۇ ۋە چېچاڭگۇ كەنتلىرىدىكى 100 نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيلىرى تاغ ۋە جىلغىلار ئارىسىدا بولۇپ، ھەركۈنى مەكتەپكە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن 10 نەچچە چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئۇلار بوران ـ چاپقۇن ياكى يامغۇر ـ يېغىنغا قارىماي، ۋاقتىدا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغان. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاپ ئوقۇغان ئاۋازى بىلەن تولۇپ، جانلىنىپ كەتكەن. كىشنى خوشال قىلىدىغان بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، پىشقەدەم ئاخۇن جاڭ پېيلۇڭنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ياققان. بۇ يىل 10 ـ ئايدا، ئۇ ناھىيىلىك خەلق ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، يېقىندا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

(گەنسۇ ئۆلكىسى كاڭلې ناھىيىلىك
رادىيوئۇزېلىدىن ساۋ لىجۇەن)

# شىنجاڭدا ئاخۇنلارنىڭ 2 - قارارلىق بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 2 - قارارلىق ئاخۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى 1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇش باشلىدى. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەتىمىن توختى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياقۇپ داموللاھاجى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەتىمىن كەنجى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇدىرى ئابلا داموللاھاجى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى ئاخۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇغى ئاستىدا ئېچىلدى، بۇ قارارلىق كۇرسقا جەمى 61 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 31 نەپەر ئۇيغۇر، 12 نەپەر قازاق، 14 نەپەر خۇيزۇ، 3 نەپەر قىرغىز، 1 نەپەر ئۆزبەك بار. ئۇلارنىڭ يېشى 30 ياشتىن 50 ياشقىچە بولۇپ، ئۇلار مەلۇم دىنىي بىلىمگە ئىگە، ئۇلارنى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلىك مىللى ئىشلار كومىتېتلىرى ئىمتىھان ئېلىش گۇرۇپپىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق، تاللاپ ئەۋەتكەن.

كۇرس يېرىم يىل داۋام قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا ئاساسەن قۇرئان كېرىمنىڭ 1 - ، 30 - پارىلىرى، «تەپسىر جالالەين»، ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى، دىنىي سىياسەتلەر، دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرى شۇنىڭدەك پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىغا ئوخشاش دەرسلەر ئۆگىنىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنى 4 ئاساسىي پرىنسىپنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىدىغان، پارتىيىنى، ۋەتەننى ۋە سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان، دۆلەت قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغىنى كۈچەيتىدىغان بىرقەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە دىنىي خادىملاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

**ئىبراھىم روزى**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيىتى ۋە تۇرمۇشى ھەققىدە

ياڭ دېشېڭ يۈ جيامىڭ

قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىناسىدا، بىز 54 ياشلىق ھەسەن تۇردى بىلەن ئۇچراشتۇق. ھەسەن تۇردى قەشقەر رايونىدا نۇرغۇن يىل ئىشلىگەن، قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيىتى ۋە تۇرمۇشىدىن ناھايىتى ئوبدان خەۋىرى بار پىشقەدەم ئۇيغۇر كادىرى ئىكەن.

ھەسەن تۇردى ئالدى بىلەن بىزگە قەشقەرنىڭ تارىختىكى مۇھىم ئورنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دىدى: "قەشقەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، 'يىپەك يولى'نىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تارماقلىرى قەشقەردە قوشۇلغاچقا، كىشىلەر ئۇنى 'قەدىمقى يىپەك يولىدىكى گۆھەر' دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسى، مەدىنىيەت ۋە سودا مەركىزى، شۇنداقلا دىنىي پائالىيەت مەركىزى. قەشقەر ئۇزاق تارىخقا، چاقناپ تۇرىدىغان مىللىي مەدىنىيەتكە ئىگە بولغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا تۆھپە قوشقانلىقى سەۋەبىدىن، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ھەر مىللەت خەلقى تەلپۈنىدىغان جاي بولۇپ قالغان."

تارىختىكى قەشقەر دۇنياغا مەشھۇر ئىدى، ئۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ يىپ-يېڭى قىياپىتى بىلەن ھەرقايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

ھەسەن تۇردى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزگە قەشقەرنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق دىدى: "ھازىر قەشقەر شەھىرىدە 13 مىللەت، 140 مىڭ نوپۇس بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ، قەشقەردە مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. ئېلىمىزدە دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياستى يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقى بىر بىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئىتتىپاقلىققا دىققەت قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشماقتا."

ھەسەن تۇردى بىزگە يەنە قەشقەر شەھىرىدە دىنىي سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دىدى: "ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىش ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىگە سىڭىشىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالغان. ھازىرغا قەدەر قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە جەمى 269 مەسچىت ئېچىۋېتىلدى، شەھەر ئىچىدە 99 مەسچىت ئېچىۋېتىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 19 مەسچىت جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان مەسچىتتۇر. بۇ مەسچىتلەر كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ

دىنىي پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇش ئېھتىياجىنى پۈتۈنلەي قاندۇرغاچقا، ئۇلار بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى بولۇشتى.»

قەشقەردىكى دىنىي زاتلارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغاندا، ھەسەن تۇردى مۇنداق دىدى: «قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە جەمى 300 دىن ئارتۇق ئىمام بار، ئۇلار كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان تۈۋرۈكلەردۇر. شۇنىسى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، بۇ ئىمام ۋە ئاخۇنلار ئادەتتىكى دىنىي خادىملار بولۇپلا قالماي، مۇسۇلمانلار بىلەن ھۆكۈمەتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك بولۇپمۇ ھىساپلىنىدۇ. ئۇلار دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە دائىر خىزمەتلەرنىمۇ ئىشلەيدۇ. 300 دىن ئارتۇق دىنىي زاتلار ئىچىدە، 48 كىشى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭەشلىرىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.»

ھەسەن تۇردى يەنە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي زاتلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ مۇنداق دىدى: «ئاخۇنلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئۇلارغا قارىتا ھەقسىز داۋالىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەممە چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ھۆكۈمەت دىنىي زاتلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىدىدە، ئۇلارنى تەشكىللەپ باشقا ئۆلكە ۋە شەھەرلەرگە ئېكسكۇرسىيە قىلىش ھەم ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، شۇنىڭدەك ئۇلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. قەشقەردىكى ئىككى نەپەر داموللا باشقا ئۆلكە ۋە شەھەرلەرگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ھەم ئۆگىنىپ كەلدى. ئۇلار قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر قېتىملىق جۈمە نامىزىدا: 'قەشقەر ئۇزاق تارىخقا، قەدىمي مەدەنىيەتكە ئىگە، بىراق، ئۇ ھازىر ئارقىدا قالدى، بىزنىڭ ۋىلايىتىمىز پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن تېخىمۇ تېز راۋاجلىنالايدۇ' دىيىشتى. ئۇلارنىڭ سۆزى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەلۇم تەسىرلەرنى قوزغىدى. ھازىر ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى قانۇن تەرىپىدىن قوغدالماقتا. مۇسۇلمانلار دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولماقتا. ھەر يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتا بايراملىرىدا شەھەر بويىچە ھەممىيلەن دەم ئېلىپ، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. ھۆكۈمەت يەنە دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاممىغا كىتاپ ئوقۇش شارائىتىنى تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ھازىرغا قەدەر ئۇلارغا 3 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تۈرلۈك دىنىي كىتاپ ۋە 1 مىڭ 900 دىن ئارتۇق قۇرئان سېتىپ بەردى.»

ئاخىرىدا، ھەسەن تۇردى بىزگە مۇنداق دىدى: «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، دەپتىكەن. چەتئەللىك مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ جۇڭگوغا كېلىش پۇرسىتى چىقىپ قالسا، قەشقەرگىمۇ كېلىپ كۆرۈپ كېتىشىنى قارشى ئالىمىز. قەدىمي قەشقەرنىڭ تارىختىكى نامىنى ئۇلار كۆپ ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن، بۈگۈنكى كۈندىكى قەشقەر ئۇلاردا تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرىدۇ».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى مەسچىتلەر

خۇڭ تاۋ

## 1

مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، غۇلجا شەھىرىدە 131 چوڭ-كىچىك مەسچىت بار ئىكەن. ئاھالىسى 200 مىڭغىمۇ يەتمەيدىغان كىچىككىنە بىر چېگرا شەھىرىدە شۇنچىۋالا كۆپ مەسچىتنىڭ بولۇشىدىن ئىسلام دىنىنىڭ بۇ يەردە كەڭ تارقالغانلىقىنى تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن ئىسلام دىنى بۇ يەرگە قاچان تارقىلىپ كىرگەن ۋە بۇ يەردە قاچاندىن باشلاپ گۈللەنگەن؟ مانا بۇ ئالدى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

قەدىمقى شىنجاڭ رايونىدا كىشىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. ئالاھەزەل مىلادىدىن ئىلگىرى 70-يىللىرى بۇددا دىنى ھىندىستاندىن تارقىلىپ كىرگەن، مىلادى 3-ئەسىردىن تاكى 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، قۇمۇل ۋە تۇرپان ئەتراپلىرىدىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىپ كەلگەن. ئىلىنىڭ ئەھۋالى بولسا يۇقۇرىدىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ، بۇ يەردە ياشىغان ئۇيسۇن، تۈرك، جوجان، ياۋچى، ساك قاتارلىق مىللەتلەر بولسا ئىپتىدائىي دىنغا ئېتىقات قىلغان، مەسىلەن، تۈركلەر بۆرىنى توتېم قىلغان، ۋاھاكازا. ئىسلام دىنى ئىلىغا قاچان تارقىلىپ كىرگەن؟ ئىلىنىڭ «گۇاڭشۈي يىللىرىدىكى ئىلى مەھكىمىسى تەزكىرىسى» ۋە «نىڭيۈەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىگەن يەرلىك تەزكىرىلەردە ئۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىلمىگەن، پەقەت «سۈيدۈڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى»دىلا تومتاق قىلىپ: "ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرگىنىگە ناھايىتى كۆپ يىللار بولدى" دېيىلگەن. شۇنداقتىمۇ بەزى كىتاپلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ قاچان كىرگەنلىكىگە دائىر بىر تەخمىنىي ۋاقىتنى تاپقىلى بولىدۇ، بۇ يەردە ئاشۇنداق كىتاپلارنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن: 1) يۇتيەنخېڭنىڭ «غەربىي رايونلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» دىگەن كىتاۋىنىڭ 89-بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: "10-، 11-ئەسىرلەردە، ئىسلام دىنى دەۋرىنىڭ

تەدرىجى تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئالدى بىلەن، غەربىي رايوننىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى قەشقەر تەرەپلەردە ئاستا-ئاستا راۋاجلىنىشقا باشلىغان، ئىسلام دىنىنىڭ خەنزۇچە خۇيجياۋ دەپ ئاتىلىشىغا غەربىي رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئاۋال ئېتىقات قىلغانلىقى سەۋەپ بولغان، دىن ئاستا بولسىمۇ لېكىن بارا-بارا كېڭىيىپ، تەخمىنەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدىقۇتتا تارقىلىپ كىرگەن، ئاخىردا غەربىي رايوندىكىلەر دىننى ئۆزگەرتكەن"؛ 2) جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە تەزكىرىسى»نىڭ 9-بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: "قارلۇق خانلىقى دەۋرىدە (766—940-يىللىرى) ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنىشقا باشلىغان"؛ 3) شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»نىڭ 1-كىتاپ، 156-بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: "قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىغا بىرىنچى بولۇپ ئېتىقات قىلغان تۈركلەر سۇلالىسىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ساتۇق بۇغراخان ئابدۇكېرىم بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان، ئۇ ھىجرىيىنىڭ 344-يىلى (955—956-يىللىرى) قازا قىلغان"؛ 4) زېڭ شياڭۇ يازغان «جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى باشقۇرۇش تارىخى»نىڭ 172-بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: "قاراخانىلار سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتىدۇر، بۇ سۇلالىنىڭ قۇرغۇچىسى ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى." يۇقۇرىدىكى 4 كىتاپتىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ۋ. ۋ. بارتولد يازغان «يەتتە دەريا تارىخى»نىڭ «قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن قىسمىدىمۇ ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

يۇقۇردا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلى رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى قارلۇق خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە يەنى تەخمىنەن 10-ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى تارىخىدا خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ تەيزۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئەرەپ ئىمپېرىيىسى دىنىنى قورال قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تۆت ئەتراپقا كېڭەيتكەن، تاڭ گاۋزۇڭنىڭ ۋاقتىدا ئىران ئىگىزلىكىنى ئىگەللىۋالغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئامۇر دەرياسى ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىدىكى تاڭ سۇلالىسى بېقىندا قىلىۋالغان جايلارنى ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ بېسىۋالغان. تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 10-يىلى (751-يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربى سەركەردىسى گاۋ شيەنجى تالاس (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جامبۇل شەھىرى) دېگەن جايدا ئەرەپلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان، بۇنىڭ بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئەرەپلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ كىرگەن. كېيىن ئەرەپ ئىمپېرىيىسى خاراپلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا قوبۇل قىلىنغان.

هازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىگە، جۇملىدىن ئىلى رايونى ۋە بۇگۇنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قارلۇق خانلىقى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى تېخى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن. دېمەك، يۇقۇرىدىكى ئەسىرلەردە كۆرسىتىلگەن ۋاقىت تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىدىكى خاتىرىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ.

ئىسلام دىنى ئىلىغا تارقىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنچىۋالا تېز راۋاجلىنىپ كېتەلمىگەن، چۈنكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئارقىسىدىن قۇرۇلغان قاراختاي يەنى غەربىي لياۋ سۇلالىسى (1131—1281) بۇددا دىنىغا ئىشىنەتتى ھەمدە بىرمەزگىل مۇسۇلمانلارنى بۇددا دىنىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئىلى رايونىغا ھۆكۈمران-لىق قىلغان چاغىتاي خانلىقى (1227—1370-يىللىرى) بۇددا دىنى ۋە ئىپتىدائىي دىنغا ئىشەنگەن-لىكتىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا تەسىرگە ئۇچرىغان. 14-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن-دە، چىڭگىزخاننىڭ 7-ئەۋرىسى تۇغلۇق تۆمۈر شەرقىي چاغىتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققاندىن كېيىن، بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن، ئۇ شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام دىنىغا تۇنجى بولۇپ ئىشەنگەن موڭغۇل خانىدۇر، "ئۇنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن، جەمئىي 160 مىڭ ئادەم مۇسۇلمان بولغان" («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 199 — 200-بەتلەر)، بۇ ھال ئىسلام دىنىنىڭ ئىلى رايونىدا تارقىلىشىنى تېزلىتىپلا قالماي، موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشىنىمۇ تېزلىتىپ، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگەن. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدىن بولغان قېدىرخوجا قاتارلىق كىشىلەر تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىدا تارقىلىشىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. بىراق، 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئىلى رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان جۇڭغار لاما دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقتىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى يەنە تەسىرگە ئۇچرىغان. 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ، ئىلىدا جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى چىڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغانغا قەدەر شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇپ كەلگەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزغان. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ يېمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى مۇنبەت جايلارنى ئاچقۇزغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىنمۇ خېلى ساندىكى خۇيزۇلارنى ھازىرقى سۈيدىڭ ناھىيىسى بىلەن غۇلجا شەھىرى ئەتراپىغا كۆچۈرۈپ چىقىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا سالغان. ھۆكۈمەت تەشكىللىك ئاساستا

كۆچۈرگەندىن باشقا، يەنە خېلى كۆپ ساندىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئىچكى جايلار-
دىكى خۇيزۇلارمۇ ئۆزلۈگىدىن ئىلى رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان
بۇ ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى ئىلى رايونىنىڭ چارۋىچىلىقتىن يېزا ئىگىلىكىگە
ئۆتۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىلى رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم
تۆھپە قوشۇپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا ئىلى رايونىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ كۈچىنىمۇ زورايتقان.
ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇلارنىڭ ئىلى رايونىغا كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يۈز مىڭلىغان قازاقمۇ شەرقىي شىنجاڭدىن ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاي
رايونلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ كۈچى ئىلىنىڭ كەڭ يېزا ئىگىلىك-
چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقىلىپ، ئىلى رايونىنىڭ نوپۇسىنى شىددەت بىلەن كۆپەيتكەن. چيەن-
لۇڭنىڭ 27-يىلى (1762-يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياڭجۈنى ئاگۇينىڭ يوللىشى بىلەن نىڭيۈەن
شەھىرى قۇرۇلغان، بۇ شەھەرنىڭ سېپىلىنىڭ ئىگىزلىكى 16 چى، ئايلانمىسى 4 چاقىرىمدىن
ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى تۇرغۇزۇلغان، ھاكىمبەگ مەھكىمىسىدىن بىرى،
ئىشك ئاغابەگ مەھكىمىسىدىن بىرى تەسىس قىلىنغان («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»، 4-توم)،
تۇنجى ھاكىمبەگلىككە تۇرپان ۋاڭى ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، 3-دەرىجىلىك ئەمەلدار
مۇسا بەلگىلەنگەن، كېيىنكى 100 نەچچە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، نىڭيۈەن شەھىرىنىڭ
ھاكىمبەگلىكىگە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بەلگىلىنىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى
قىرغىقىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ كەنتلىرىنى باشقۇرغان. غۇلجىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى
ئارقىسىدا، ئىسلام دىنىمۇ كۈندىن-كۈنگە كۈچەيگەن.

## 2

يولداش بەي شۇيى «جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (14-بەت)دا مۇنداق دەيدۇ:
مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركىزى مەسچىتتۇر". يۈتيەنخېڭ «غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيەت
تارىخى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» (89-بەت)دە مۇنداق دەيدۇ: "ئاشۇنداق بولغانلىقتىن،
غەربىي رايوننىڭ 10-ئەسىردە راۋاجلانغان ئىسلام مەدەنىيىتى 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باش-
لاپ بۇ يەردە گۈللەنگەن." ئىلى رايونىدا مەسچىتلەر 14-ئەسىرلەردە يەنى تۇغلۇق تۆمۈر
ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان زامانلاردا تازا كۆپلەپ سېلىنغان، ئەپسۇسكى، چاغىتاي خانلى-
قىنىڭ پايتەختى ئالمىلىق 16-ئەسىردە ئۇرۇشتا ۋەيران بولۇپ كەتكەن، مەسچىتلەرمۇ شەھەر
بىلەن بىللە ۋەيران بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى قاراخانىلار سۇلالىسى زامانىدىكى مەسچىتلەرمۇ
ئاشۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن. شۇڭا، ئىلى رايونىدىكى مەسچىتلەر
ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن غۇلجا شەھىرىنى ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، غۇلجا شەھە-
رى چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا بارلىققا كەلگەن، تارىخى ئۇزۇن بىر شەھەردۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغان-

دەك، غۇلجا شەھىرىدە 133 مەسچىت بار. ئالدىنقى يىللىرى غۇلجىدا شەھەرنى رەتلەش ۋە قاتناش ياخشىلاش مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى مەسچىتلەر چېقۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر يەنىلا نەچچە 10 مەسچىت بار. بۇ يەردە، ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلانغان، تارىخى ئۇزۇنراق مەسچىتلەردىن ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچى. بۇ مەسچىتلەرنىڭ بىرى غەربىي شىنخۇا كوچىسىغا جايلاشقان بەيتۇللا مەسچىدى بولۇپ، بۇ مەسچىت چيەنلۇڭنىڭ 55-يىلى (1790-يىلى) سېلىنغان، تۇڭجىژىنىڭ 4-يىلى (1865-يىلى) كېڭەيتىپ سېلىنغان، ئۇ ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ، بۇ مەسچىتكە 1 مىڭ 600 ئادەم سىغىدۇ؛ يەنە بىرى، شەرقىي شىنخۇا كوچىسىغا جايلاشقان شەنشى مەسچىدى بولۇپ، بۇ مەسچىت چيەنلۇڭنىڭ 16-يىلى (1751-يىلى) سېلىنغان، چيەنلۇڭنىڭ 46-يىلى (1781-يىلى) كېڭەيتىپ سېلىنغان، بۇ مەسچىتكە 1مىڭ 500 ئادەم سىغىدۇ، ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى خۇيزۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركىزى. بۇ ئىككى مەسچىت ھەققىدە، «نىڭيۈەن ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرىلەر بار: "مۇسۇلمانلارنىڭ بىر چوڭ مەسچىدى بار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چيەنلۇڭ زامانىسىدا سېلىنغان، بۇ مەسچىتتە ئۇيغۇرلار ناماز ئوقۇيدۇ"، بۇ يەردە بەيتۇللا مەسچىدى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ "چوڭ كۆۋرۈك كوچىسىنىڭ غەربىدىمۇ بىر چوڭ مەسچىت بار، بۇ مەسچىتتە خۇيزۇلار ناماز ئوقۇيدۇ، بۇ مەسچىت ئېيتىشلارغا قارىغاندا شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت بىلەن بىرلا ۋاقىتتا سېلىنغان"، بۇ يەردە شەنشى مەسچىدى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بەيتۇللا مەسچىدى بىلەن شەنشى مەسچىدى جۇڭگونىڭ خان سارايلىرىغا خاس تىپىك بىناكارلىق سەنئىتى ۋە ئالاھىدىلىك بىلەن سېلىنغان، بۇ يەردە ئالدى بىلەن بەيتۇللا مەسچىدى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي. بەيتۇللا مەسچىدىگە بارسىڭىز، ئالدى بىلەن، ئېگىزلىكى ئالاھەزەل 29 مېتىر كېلىدىغان، پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسالغان دۇمباق مۇنارىنى ۋە مەسچىتنى ئايلاندۇرۇپ دۇمباق مۇنارىغا تۇتاشتۇرۇلغان ياغاچ رېشاتكىنى كۆرىسىز. مەسچىتكە قەدەم قويسىڭىز، ئالدى بىلەن، ياغاچتىن ياسالغان راۋاقنى دۇچكېلىسىز. مەسچىت سەيناسىدا يوغان قېرى سېدە بار بولۇپ، بۇ سېدە قاپلاپ تۇرغان مەسچىت ئۆگزىسى قىيپاش شەكىلدە قاتمۇ-قات قىلىپ ياسالغان، لىملىمىرىغا قىزىل رەڭ بېرىلىپ، تۈۋرۈكلىرىگە نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. تاشقارقى مەسچىتنىڭ 28 تال ياغاچ تۈۋرۈكى، ئىچكىرىكى مەسچىتنىڭ 24 تال ياغاچ تۈۋرۈكى بار، بۇ 52 تال تۈۋرۈك پۈتكۈل مەسچىتنىڭ ئۈستىنى كۆتىرىپ تۇرىدۇ. مەسچىتنىڭ تاملىرى ئاپپاق ئاقلانغان بولۇپ، دۆگىلەك شەكىللىك چاڭزىلىرى ۋە ئەگمە شەكىللىك ئىشىكلىرى بار، ئالدى ئىشىكى ئىككى قاناتلىق ياغاچ ئىشىك. بۇ ھال ئادەتتىكى جۇڭگو خان سارايلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئوخشايدۇ. مەسچىت ئىچىگە گىلەم سېلىنغان. بۇ مەسچىتنىڭ باشقا مەسچىتلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ مۇنارى يوق. بەيتۇللا مەسچىدىنىڭ يەر مەيدانى 10 موچە كېلىدۇ. شەنشى مەسچىدىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن بەيتۇللا مەسچىدىگە ئوخشاش جۇڭگوچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، شۇغىنىسى يەر مەيدانى بەيتۇللا مەسچىدىنىڭكىدىن كىچىكرەك. غۇلجا شەھىرىدىكى باشقا

مەسچىتلەرمۇ يۇقۇرىدىكى ئىككى مەسچىتكە ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن يەر مەيدانى تېخىمۇ كىچىك. يۇقۇرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدىن چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئىلى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىنىڭ مەدىنىيەت-سەنئەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

غۇلجا شەھىرىدىكى مەسچىتلەر گەرچە جۇڭگو خان سارايلىرى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە قويۇق ئىسلام دىنى تۈسىنى ئالغانلىقتىن، ئۇلارنى جۇڭگوچە ئۇسلۇپ بىلەن چەتئەلچە ئۇسلۇپ بىرلەشتۈرۈلگەن سەنئەت بۇيۇمى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بىناكارلىق پەنلىرى تەتقىقات يۇرتىنىڭ بىناكارلىق نەزىرىيىسى ۋە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئېلان قىلغان شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنى تەكشۈرۈش دوكلادىدا مۇنداق دېيىلگەن: "مەسچىت، مازارغا ئوخشاش قەدىمىي قۇرۇلۇشلار شىنجاڭ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بىرقەدەر مەركەزلىك تېپىدۇر. بۇ قۇرۇلۇشلاردا تەكشى بوشلۇقنى ئورۇنلاشتۇرۇش، شەكىل بىلەن گەۋدىنى قۇراشتۇرۇش ۋە رەسىم سىزىش-نەقىش چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىشلار جانلىق-ئەركىن ئېلىپ بېرىلغان، بولۇپمۇ گەج بىلەن نەقىش چېقىرىش، سىر بېرىش، ياغاچقا نەقىش چېقىرىش، ئوخشاش ياغاچلارنى جۈپلەپ تۈرلۈك شەكىللەرنى ياساش، شۇنىڭدەك خىشتىن تۈرلۈك نەقىشلەرنى چىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە بۇ قۇرۇلۇشلار خىلمۇ-خىل ۋە كۆركەم تۈس ئالغان بولۇپلا قالماي، يەنە باشقىچە ئۇسلۇپ بىلەن تۈرلۈك نەقىشلەرنى چىقىرىش ۋە ھەر خىل زىننەتلەردىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش جەھەتلەردىمۇ ئۆزىگە خاس بىزەش ھۈنىرىنى نامايەن قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى قۇرۇلۇشلارنىڭ زىننەتلىرى ناھايىتى ئېسىل نەپىس سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، بىناكارلىق، ھۈنەر-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىجادىيەت ۋە پەن تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئوبدان پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ." مېنىڭچە، بۇ دەل جايىدا قىلىنغان تەھلىلدۇر.

**ئەسكەرتىش:**

① بۇ ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان 3 تەزكىرە گۇاڭشۈنىڭ 34-يىلى (1908-يىلى) يېزىلغان، ئۇنىڭ قولىيازمىسى غۇلجا شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. غۇلجا شەھىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نىڭيۈەن دەپ ئاتالغان، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى غۇلجا دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

② قاراخانىلار سۇلالىسى 10-ئەسىردە قۇرۇلۇپ، 12-ئەسىردە مۇنقەرز بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# ئەرەپلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىرقانچە مەسچىدى

(1)

سەي شيڭفا

ئەرەپلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەسچىت قۇرۇلۇشى گۈللەپ تەرەققى تاپقان ئەرەپ مەدەنىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەسچىت قۇرۇلۇشىنىڭ خورما دەرەخلىرىنىڭ شېخىنى ۋە لايىنى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىشتىن تەرەققى قىلىپ؛ مەرمەر تاش ۋە مېتال بېزەكلەرنى ئىشلىتىشكە، ئەرەپلەرنىڭ يەرلىك بىناكارلىق ھۈنىرىدىن پايدىلىنىشتىن تەرەققى قىلىپ، يۇنان، رىم ۋە ۋىزانتىيىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنى قوللىنىشقا ئۆتۈشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەپلەرنىڭ ئۆزگە خوشنا بولغان جايلار بىلەن مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئەرەپ (سالاسۇن) سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆۋەندە، ئاشۇنداق سەنئەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىرقانچە مەشھۇر قەدىمىي مەسچىتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## ئەمرى مەسچىدى

ئەمرى ئىبنى ئاس مەسچىدى مىسىرنىڭ فۇستات شەھىرى (كونا قاھىرە شەھىرى)نىڭ مەركىزىگە، نىل دەرياسىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، نىل دەرياسى دەل مەسچىتنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئەمرى مەسچىدى مىسىر تارىخىدا تۇنجى قېتىم ياسالغان مەسچىت بولۇپ، ئۇ مىسىرنى بوي سۇندۇرغان ئەرەپ سەركەردىسى ئەمرى ئىبنى ئاس تەرىپىدىن مىلادى 642 ـ يىلى ياسىتىلغان ھەمدە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

يېڭى سېلىنغان چاغلاردا بۇ مەسچىت بەك ئاددىي بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئاران 25 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر ئىدى، مەسچىت خانىقاسىنىڭ ئۈستى خورما دەرىخىنىڭ شاخلىرى بىلەن يېپىلغان، قىبلە تەرىپىمۇ تازا ئۇدۇل بولماي قالغان. كېيىن، مىلادى 672 ـ يىلى ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مۇئاۋىيە تەرىپىدىن مىسىرغا ۋالى قىلىپ ئەۋەتىلگەن مۇسلىمە ئىبنى مۇخەللىد بۇ مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا پىششىق خىشتىن تام ياساتقان ھەمدە مەسچىتنىڭ تۆت بۇرجىكىگە تۆت مۇنار

ياساتقان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىسلام دىنىدا ئەڭ قەدىمقى مۇنارلار بولۇپ ھېساپلىنىدىكەن، بۇ مۇنارلار كېيىنكى چاغلاردا چېقىۋېتىلگەن. مىلادى 710 - يىلى قۇررە ئىبنى شەرىك يەنە بۇ مەسچىتنى باشقىدىن ياسىتىپ، يەر مەيدانىنى كېڭەيتىپلا قالماي، قىبلىسىنىمۇ توغرىلىغان. مىلادى 827 - يىلى ئابباس سۇلالىسىنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ۋالىسى ئابدۇللا ئىبنى تاھىرنىڭ كېڭەيتىپ سالدۇرۇشى بىلەن، بۇ مەسچىت ئاساسەن ھازىرقى قىياپەتكە كەلتۈرۈلگەن، يەنى مەسچىتنىڭ كۆلىمى 13 مىڭ 750 كۋادىرات مېتىرغا يەتكۈزۈلۈپ، ئەتراپىغا كارىدور، مەسچىت سەيناسىغا تاھارەت ئېلىش ئورنى، بىر بۇرجىكىگە مۇنار ياسىتىلغان؛ مەسچىتنىڭ ئاساسىي خانىقاسى جەمئىي 120 ئېغىز ئۆيدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئىچىگە مۇنبەر، مېھراپ ياسىتىلغان، خانىقانىڭ ئىچى ئاددىي، پاكىز ھەم تىنچ بولۇپ، تاملىرىدا نەقىش ۋە رەسىملەر يوق؛ مەسچىتتە جەمئىي 126 تاش تۈۋرۈك بار بولۇپ، ئۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ بەزىلىرى نەچچە جۈپلەپ قويۇلغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە تۈۋرۈكنىڭ سانى 147 گە يېتىدۇ، بۇ مەسچىت يۇنان-رىم بىناكارلىقىنى نەمۇنە قىلىپ ياسالغان، تۈۋرۈك بىلەن تۈۋرۈكنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى خۇددى تاقا شەكلىدە ئەگمە قىلىپ تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ مەسچىتنىڭ سېلىنغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بەزى جايلىرى كۆيۈپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. مىلادى 1172 - يىلى سالاھىددىن زامانىسىدا بۇ مەسچىت يېڭىۋاشتىن چوڭ رېمونت قىلىنغان. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان، مىسىر مۇسۇلمانلىرى بۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەسچىتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈزلۈكسىز رېمونت قىلىپ، ئاسراپ كەلدى. بۇ مەسچىت ئىلگىرى ھەر يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جۈمە كۈنلا ئېچىلاتتى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ ئېچىلىدىغان بولدى.

## قەيرۇۋان ئۇقبە مەسچىدى

قەيرۇۋان شەھىرى تۇنىسنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ئەرەپ بىناكارلىق سەنئىتى ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ مەككە، مەدىنە ۋە قۇددۇستىن قالسا، تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مىلادىي 635 - يىلدىن كېيىن، ئەرەپلەر ئۈچ قېتىم يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق ۋىزانتىيە قوشۇنلىرىنى بىت-چىت قىلغان، يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلارنىڭ قوماندانى ئۇقبە بىننى نافى مىلادى 670 - يىلى قەيرۇۋان شەھىرىنى بەرپا قىلغان ھەمدە مىلادى 675 - يىلى بۇ شەھەردە ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مەسچىتنى سالدۇرغان، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى تۇنجى مەسچىدىدۇر.

ئۇقبە مەسچىدى ياسالغاندىن كېيىن، يەنە بىرقانچە قېتىم رېمونت قىلىنغان، بولۇپمۇ مىلادى 820 - يىلى كېڭەيتىپ سېلىنىپ، ۋىزانتىيە ئۇسلۇبىدىكى پەس گۈمبەزلىرى ئېگىزلىتىلگەن، تاملىرى ياسالغان، كېڭەيتىپ سېلىنغاندىن كېيىنكى ئۇقبە مەسچىدىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 130 مېتىرغا، كەڭلىكى 80 مېتىرغا، تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 4 مېتىرغا يەتكۈزۈلگەن، سەيناسىغا مەرمەر تاشلار ياتقۇزۇلۇپ،

3 ئەتراپى ئەگمە شەكىللىك كارىدور بىلەن قورشالغان، مەسچىت خانىقاسى كۆركەم، ھەشەمەتلىك ياسىلىپ، بىرلا ۋاقىتتا 8 مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدىغان قىلىنغان. مەسچىت خانىقاسىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىگە چوڭ-كىچىكلىكى ھەر خىل بولغان 15 ياغاچ ئىشىك ئورنىتىلغان، ھەر بىر ئىشىك تۈرلۈك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن 400 پارچىدىن 800 پارچىگىچە بولغان تاختايدىن ياسالغان. خانىقانىڭ ئىچىگە 20 قاتار قىلىپ، 300 تال يۇمىلاق تۈۋرۈك ئورنىتىلغان، خانىقانىڭ ئىچكىرىسىگە نەپىس نەقىش چۈشۈرۈلگەن ۋە ھىندىستاندا چىقىدىغان قىممەتلىك شەمشاد دەرىخىدىن ياسالغان مۇنبەر ئورنىتىلغان. مېھراپ نەقىش چۈشۈرۈلگەن 28 پارچە مەرمەر تاشتىن ياسىلىپ، ئۈستى تەرىپى رەڭگا-رەڭ فارفورلار بىلەن زىننەتلەنگەن. ئېيتىلىشىچە، مۇنبەر بىلەن مېھراپ مىلادى 9-ئەسىردە ياسالغان، ئۇلار مۇھىم تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقتۇر. ئۇقبە مەسچىدىنىڭ 4 بۇرجەك مۇنارىسى 3 قەۋەت، 35 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، قەيرۇۋان شەھىرى بويىچە ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇقبە مەسچىدى شىمالىي ئافرىقىدا يۇقۇرى مەرتىۋىگە ئىگە، بۇ مەسچىتتە نۇرغۇن ئىسلام فىقھەچىلىرى ۋە ئەھلى ھەدىسلەر يېتىشىپ چىققان. ئۇ نەچچە ئەسىردىن بۇيان مالىك مەزھىبىنىڭ بازىسى بولۇپ كەلدى. ئافرىقىدىكى بەزى مەسچىتلەر بىناكارلىق ئۇسلۇبى جەھەتتە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ غەرپ تەرەپتىكى ئەڭ چوڭ مەسچىدىدۇر.

## ئۇمەۋىيە مەسچىدى

ئۇمەۋىيە مەسچىدى سۈرىيەنىڭ دەمەشق شەھىرىگە جايلاشقان. ئۇنى مىلادى 705-يىلى ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ 6-خەلىپىسى ۋەلىد I سانت-جونغا تەقدىم قىلىپ بېرىلگەن بىر چىركاۋنىڭ خارابىسى ئورنىغا سالدۇرغان. بۇ مەسچىتنى ياساشقا 10 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتكەن، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى، 12 مىليون دىنار سەرپ قىلىنغان.

ئۇمەۋىيە مەسچىدىنىڭ سەيناسى ئۇزۇنچاق تۆت بۇرجەك بولۇپ، ئاستىغا مىلادى 1218-يىلى فارفور خىش ياتقۇزۇلغان، مەسچىت سەيناسىنىڭ شەرق، شىمال ۋە غەرپ تەرەپلىرى تۈۋرۈكلۈك ئۇزۇن كارىدور بىلەن ئورالغان، كارىدورنىڭ تاملىرىغا ئۇمەۋىيە سۇلالىسى دەۋرىدىكى دەمەشقنىڭ مەنزىرىسى سىزىلغان، مەسچىت سەيناسىدا گۈمبەز شەكىللىك 3 قۇرۇلۇش بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەرپ تەرەپتىكىسى مىلادى 787-يىلى سېلىنغان، ئىچىدە قۇرئان كېرىمنىڭ قىممەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ساقلاغلىق، شەرق تەرەپتىكىسى مىلادى 776-يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئىلگىرى ئۇ ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خەلىپىسى يەزىد (680-683-يىللار)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، ھازىر بولسا “سائەت راۋىقى” دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەسچىتلەردە ئىشلىتىدىغان قەدىمىي سائەت ساقلاغلىق. سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدا مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان بىر كۆلچەك بار بولۇپ، ئۇ مىلادى 976-يىلى ياسالغان.

ئۇمەۋىيە مەسچىدىنىڭ خانىقاسى سەينانىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 136 مېتىر، كەڭلىكى 37 مېتىر كېلىدۇ، غايەت يوغان تۈۋرۈكلەر ئۇنى شەرقىي قىسىم، غەربىي قىسىم ۋە ئوتتۇرا قىسىملارغا بۆلۈپ تۇرىدۇ، ئۇ پۈتۈنلەي ئاق مەرمەر تاشتىن ياسالغان. خانىقانىڭ 6 دەرۋازىسى بار، ئۇ دەرۋازىلار زىننەتلەنگەن گۈمبەزلىك دەرۋازىلاردۇر؛ خانىقانىڭ ئۇدۇل تەرەپتىكى دەرۋازىسى زەپەر دەرۋازىسى شەكلىدىكى گۈمبەزلىك دەرۋازا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە يۇملاق تۈۋرۈك بار، تۈۋرۈكنىڭ بېشى تاج شەكلىدە ياسالغان؛ مەسچىت خانىقاسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى ناھايىتى چىرايلىق گۈمبەز بولۇپ، خانىقانىڭ تۆت تېمى ۋە يۇملاق تۈۋرۈكلىرىگە قىزىل، ئاق ۋە قارا مەرمەر تاشلار ئورنىتىلىپ، ئۈستىگە نەقىش چۈشۈرۈلگەن ھەمدە سەدەپ، ئالتۇن ۋە گۆھەرلەردىن كۆز قويۇلغان؛ خانىقانىڭ جەنۇبىي تېمى قىبلە تەرەپ بولۇپ، بۇ تامغا گۈزەل مەرمەر تاشلار ئورنىتىلغان، يەنە ناھايىتى كۆركەم 4 مېھراپ چىقىرىلغان ۋە كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان مەرمەر تاش مۇنبەر قويۇلغان.

ئۇمەۋىيە مەسچىدىنىڭ يەنە كۆككە تاقاشقان 3 مۇنارىسى بار بولۇپ، شىمال تەرەپتىكى مۇنار "كېلىن" مۇنارى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ مۇنار 4 بۇرجەكلىك بولۇپ، مىلادى 8-ئەسىردە ياسالغان؛ مەسچىتنىڭ جەنۇبىي تېمىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىگە جايلاشقان مۇنار "ئىسا" مۇنارى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇمۇ 4 بۇرجەكلىك بولۇپ، مىلادى 11-ئەسىردە ياسالغان؛ يەنە بىر مۇنار مەسچىتنىڭ جەنۇبىي تېمىنىڭ غەربىي بېشىغا جايلاشقان، ئۇ 8 بۇرجەكلىك بولۇپ، مىلادى 15-ئەسىردە ياسالغان.

مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇمەۋىيە مەسچىدى ئىسلام دۇنياسىدا ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولۇپ كەلدى، گەرچە بۇ مەسچىت تۇرلۇك بالايى-ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن كۆپ قېتىم كۆيۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سۈرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ قايتا-قايتا رېمونت قىلىپ ۋە بېزەپ تۈرۈشى بىلەن، بۇ قەدىمىي مەسچىت—قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلدى، بۇ مەسچىت جامائەتچىلىك تەرىپىدىن، ئىسلام دۇنياسى بويىچە تۆتىنچى چوڭ مەسچىت، دەپ ئېتىراپ قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللەر ئۆمىگى شىمالىي ئافرىقىدىكى 4 دۆلەتنى زىيارەت قىلدى

ئىسا ماخمۇت

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەن شىۋېي ئۆمەك باشلىقى بولغان، 5 كىشىدىن تەركىپ تاپقان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللەر ئۆمىگى 1983-يىل 10-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە تەكلىپكە بىنائەن سۇدان، ئالجىرىيە، تۇنىس ۋە ماراكەشنى زىيارەت قىلىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ 4 دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرىغا يوللىغان سەممىي سالاملىرىنى ۋە دۇئاسىنى يەتكۈزدى، ئۇلار 4 دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ھەم سەممىي كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، بۇ قېتىمقى زىيارەت ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى.

بۇ 4 دۆلەت ئەرەپ دۆلىتى، شۇنداقلا 3-دۇنياغا مەنسۇپ دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلار بىلەن دۆلىتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەت ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بۇنداق ئەنئەنىۋى دوستلۇق يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ بۇ 4 دۆلەتتە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، مەيلى ھۆكۈمەت تەرەپ بولسۇن ياكى غەيرى ھۆكۈمەت تەرەپ بولسۇن، ھەممىيلەن دوستلۇق ئارزۇسى ۋە دىنىي ھېسسىياتىنى ئاساس قىلغان ھالدا، بىز جۇڭگولۇق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ زىيارىتىگە بىرقەدەر ئەھمىيەت بېرىپ، بىزنى خېلى يۇقىرى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى، ئۇلار بىز ئۈچۈن يەنە مول ۋە خىلمۇ-خىل ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. 4 دۆلەتنىڭ ھەرساھە زاتلىرى ۋەكىللەر ئۆمىگى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئايرىلغىنىغا ئۇزاق بولغان قېرىنداشلار كۆرۈشكەندەك، بىر كۆرۈشۈپلا كونا دوستلاردەك بولۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان سەممىي دوستلۇغى ۋەكىللەر ئۆمىگىمىزنىڭ ئەزالىرىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مەسىلەن، سۇداندا ۋەكىللەر ئۆمىگىمىز جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇدان زۇڭتۇڭى نىمەيلى بىلەن كۆرۈشتى. ساھىپخان بىلەن مېھمانلار چوڭ سارايدا، يەردە ئولتۇرۇپ سەممىي سۆزلەشتى، بۇ ھال ئىسلام دىنىنىڭ باراۋەرلىك پىرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈردى. ۋەكىللەر ئۆمىگىمىز 4 دۆلەتتە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئىماملار، ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ، جەمئىي 300 چە ئادەم بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇنىس پارلامېنت باشلىقى، تۇنىس جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇپتىسى ۋە

ئىجتىمائىي ئىسلاھات-جامائەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، ماراكەشنىڭ دىنىي ئىشلار فوندى ۋەزىرى ۋە تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل دۆلەت ئىشلىرى باش كاتىۋى، سۇدان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، ئالجىرىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋە ئالجىرىيە ئىسلام ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە باشقىلار بار. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز مەسچىتلەردە ئون مىڭلىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن كۆرۈشتى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز 4 دۆلەتتە 15 چوڭراق شەھەر، 32 ئاتاقلىق مەسچىت، 5 ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى، 3 دىنىي تەشكىلات، 3 داشۆ، 5 مۇزېي، 1 دېخانچىلىق مەيدانى، 1 نېفىت چەككىلەش زاۋۇدى ۋە بەزى مەدەنىيەت مەركەزلىرى، دارىلىتام، ئەمالار مەكتىۋى، تارىختا ئۆتكەن ئۆلىمالارنىڭ قەۋرىسى، مەشھۇر ئاسارە-ئەتىقە ھەم يادىكارلىقلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى زىيارەت قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ھەرقايسى دۆلەتنىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئاخبارات ئاگېنتلىقى ۋە گېزىتخانىلارنىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار قويغان سوئاللارغا جاۋاپ بەردى. ھەرقايسى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە گېزىتخانىلار جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى ھەم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلدى.

4 دۆلەتنىڭ ھەرساھە زاتلىرى ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئومۇمىي يۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىكەن، ئۇلار ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز بىلەن ئۇچراشقاندا، بەزى مەسىلىلەرنى سورىدى. شۇڭا، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز 4 دۆلەتتە نەچچە 10 قېتىم ئەھۋال تونۇشتۇردى. تونۇشتۇرغان ئەھۋالنىڭ مەزمۇنى جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى ۋە مەزھەپلىرى، مەسچىت، دىنىي پائالىيەت، شەرىئەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى (جۈملىدىن نىكا، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى) قاتارلىق ئەھۋاللار، دىنىي كىتابلارنىڭ بېسىلىشى، دىنىي مائارىپ، دىنىي ھېيت-ئايەملەرنى تەبرىكلەش پائالىيىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ۋە تارقىلىش ئەھۋالى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەم ئىگىلىك، مەدەنىيەت-مائارىپ، پەن-تېخنىكا تارماقلىرىدا ئىشلەش ئەھۋالى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغانلار قايتا-قايتا خۇداغا شۈكۈر ئېيتتى. ئۇلار، جۇڭگولۇق قېرىنداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خاتىرجەم بولدۇق، دېيىشتى. بىر تۇنىسلىق ئەمەلدار مۇنداق دېدى: "مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتقانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن ئاپىرىن ئوقۇيمەن، بۇ، بىرمۇنچە دۆلەتتە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئىش." بىر ئالجىرىيىلىك دىنىي زات مۇنداق دېدى: "بۇلتۇر ئالجىرىيە ئىسلام ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دوكلات بېرىپ، جۇڭگودا سىياسەت تەڭشەلگەندىن كېيىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مۇسۇلمانلار ئەركىن ھالدا دىنىي تۇرمۇش كەچۈرمەكتە،

www.uyghurkitap.com

بۇ گېزىتلەردىكى تەشۋىقات ئەمەس، بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن پاكىت دېگەن ئىدى. شۇڭا، بىز مۇنداق دانا سىياسەتنى يولغا قويۇۋاتقان جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە رەخمەت ئوقۇشىمىز كېرەك.» بىر سۇدانلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار مۇنداق دېدى: «'بىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار' دېگەن تەلىم ھەلىمۇ ئېسىمىزدە تۇرۇپتۇ، شۇڭا جۇڭگو سۇدان مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «جۇڭگو-سۇدان دوستلۇقى سۇدان ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭگو سۇدان ئۈچۈن ھەقسىز بىرمۇنچە قۇرۇلۇشلارنى قىلىپ بەردى، بۇ جۇڭگونىڭ سۇدانغا بولغان دوستلۇقىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ سۇدان خەلقىدە قالدۇرغان تەسىرى چوڭقۇر.» ئالجىرىيىنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى: «پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇڭگوغا بېرىپ بىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدىكى تەلىمىنى بىلىدۇ، جۇڭگو يىراق يەردە بولسىمۇ، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى تەلپۈنىدىغان يەر، ئۇلار جۇڭگو خەلقى بىلەن قەلبداش» دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ئالجىرىيە فرانسىيىگە قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگونىڭ خالىسانە ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش داۋامىدا يەنە جۇڭگونىڭ سەمىمى ۋە دوستانە ھەمكارلىقىغا ئېرىشىپ، ھازىرقى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز مۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ مەڭگۈ راۋاجلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.» ئۇ جۇڭگو خەلقى ئۆزىگە خاس خىسلەت ۋە ئۇبدان پەزىلەتكە ئىگە، ئالجىرىيە خەلقى مۇنداق خەلق بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدۇ دەپ ھساپلىدى. ماراكەشلىك بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار جۇڭگونىڭ تاشقى سىياسىتىنى ماختىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «سىلەر ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ مۇسۇلمانلىرى، سىلەر جۇڭگونىڭ تاشقى سىياسىتىگە ئاساسەن، پەلەستىن ۋە ئەرەپ ئەللىرىنىڭ ئىسرائىلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشىنى قەتئى قوللىدىڭلار ھەمدە بەيتۇل-مۇقەددەسنى قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشىنى قوللاپ، ئەرەپ خەلقىنىڭ چىن تەشەككۇرىگە سازاۋەر بولدۇڭلار.»

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز 4 دۆلەتنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا 4 دۆلەتتىكى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئۇقۇپ، كۆپ تەربىيە ئالدى. 4 دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ جۇڭگوغا بولغان دوستانە مۇھەببىتى ھەم جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا بولغان قېرىنداشلارچە مۇھەببىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. بۇ ھال 3-دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە دۇنيا تېچلىقىنى قوغداشتىكى ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز زىيارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، 4 دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى ھەمدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا 4 دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ غەمخورلۇقى، سالامى ۋە دۇئا-تىلاۋىتىنى يەتكۈزدى.

# پاكىستان ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا

لۇ شۇيلىن    ۋاڭ شياگىيەن

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، پاكىستان زۇڭتۇڭىنىڭ دىنىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى، پاكىستان ئىتتىپاقى مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئابدۇللا كىركى داموللا باشچىلىقىدىكى پاكىستان ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1983-يىل 11-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە جۇڭگودا دوستانە زىيارەتتە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئاتاقلىق ئۆلىمالار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئايرىم-ئايرىم ھالدا پاكىستان ئىتتىپاقى مەسلىھەت كېڭەشى ۋە ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزالىرى، مەملىكەتلىك زاكات مۇدىرىيىتىنىڭ ئەزالىرى ھەم دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بىرلەشمە كاتىپلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى تۇنجى قېتىم جۇڭگونى زىيارەت قىلغاچقا، بەك تەسىرلەندى ۋە خوشال بولۇشتى. ئۆمەك باشلىقى ئابدۇللا كىركى داموللا مۇنداق دېدى: "گېزىتلەردە ۋە رادىيودا بىزنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىدىغانلىقىمىز توغرىسىدىكى خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا تېلېفون بېرىپ، مېنىڭ ئۇلۇغ، دوست خوشنا مەملىكەتنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىمنى مۇبارەكلىدى." ئۆمەك ئەزاسى سەيىد مۇھەممەت رازى مۇنداق دېدى: "«ھەدىس» بىزگە 'بىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار'، دەپ ئۆگىتىدۇ، بىز دەل مۇشۇنداق ئارزۇ بىلەن جۇڭگوغا كەلدۇق."

ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شېن شياشىنىڭ ھەمراھلىقىدا بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ۋە قەدىمىي شەھەر قەشقەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك زىيارەت قىلدى.

بېيجىڭدا مېھمانلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە ساقلانغان تۆرلۈك نۇسخىدىكى دىنىي كىتابلار مېھمانلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۆمەك ئەزاسى مۇپتى غۇلام سەرۋار داموللا مۇنداق دېدى: "سىلەردە ساقلانغان دىنىي كىتابلار ناھايىتى تولۇق ئىكەن، بىز ئوقۇۋاتقان كىتابلارمۇ مۇشۇلاردىن ئىبارەت." ئۆلىمالار يەنە نىيۇجيې مەسچىتى ۋە دۇڭسى مەسچىتىنى زىيارەت قىلدى ھەم جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇدى. مېھمانلار نىيۇجيې مەسچىتىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتى كۆپ پۇل ۋە ئالتۇن ئاجرىتىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، جۇڭگو ھۆكۈ-مىتىنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان غەمخورلۇقىنى قايتا-قايتا ماختاشتى.

11-ئاينىڭ 16-كۈنى، دۆلەت كومىسسارى جى پېڭفېي خەلق سارىيىدا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. جى پېڭفېي مېھمانلارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: ”جۇڭگو-پاكىستان مۇناسىۋىتى ئوبدان راۋاجلىنىپ كەلدى، ھەر ساھەدىكى [illegible]نىڭ بېرىش-كېلىش ئىشلىرىمۇ كۆپ بولدى، سىلەرنىڭ كېلىشىڭلار جۇڭگو بىلەن پاكىستاننىڭ دىنىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق، شۇنداقلا جۇڭگو بىلەن پاكىستان خەلقىنىڭ دوستلۇغىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.“ ئۆمەك باشلىقى ئابدۇللا كىركى زىيائۇل ھەق زۇڭتۇڭنىڭ ۋە پاكىستان خەلقىنىڭ جۇڭگو رەھبەرلىرىگە ھەم جۇڭگو خەلقىگە يوللىغان سالامىنى يەتكۈزدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”بىز جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىنتايىن ياقتۇرىمىز، ئۆز تەسىراتلىرىمىزنى قېرىنداشلىرىمىزغا يەتكۈزىمىز.“

ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدا تۇرغان مەزگىلدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئۇلارغا كاتتا زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. مېھمانلار يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەھمەت ۋاجىدىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەشھۇر قەدىمىي يادىكارلىقلارنى سەيلە قىلدى.

11-ئاينىڭ 17-كۈنى، ۋەكىللەر ئۆمىكى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى توختى سابىر مېھمانخانىغا بېرىپ مېھمانلارنى يوقلىدى ۋە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى مېھمانلارغا ئاتاپ ئويۇن قويۇپ بەردى، ئويۇن مېھمانلارنىڭ بىر ئېغىزدىن ماختىشىغا ئېرىشتى.

17-كۈنى چۈشتىن كېيىن، مېھمانلار تەكلىپكە بىنائەن، ياڭخاڭ مەسچىدىنىڭ ئىمامى شىرىپجاننىڭكىدە مېھمان بولدى. شىرىپجان 80 ياشقا كىرەي دەپ قالغان بولسىمۇ، خېلى روھلۇق بولۇپ، ئۇ مېھمانلار بىلەن جۇڭگو-پاكىستان مۇسۇلمانلىرى ۋە خەلقىنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇغى ئۈستىدە بەھۇزۇر سۆزلەشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلار جۇڭگولۇق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ياڭخاڭ مەسچىدىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە شۇ يەردىكى دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، سۆھبەتتە 2 ياش قارى قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلدى، ئۇلارنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىشى مېھمانلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پاكىستان بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئۇ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەر. شۇڭا، مېھمانلار شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا ئىنتايىن قىزىقتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: ”بىز بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق جۇڭگودىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلار دىنىي تۇرمۇش جەھەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆردۇق. بىز بۇنىڭدىن بەك مەمنۇن بولدۇق، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە پاكىستان مۇسۇلمانلىرىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى ئاپىرىن ۋە رەخمەت ئوقۇيدۇ.“

ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە يەنە شىنجاڭ تىببىي ئىنىستىتۇتى، مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق ماللار ماگازىنى، تىيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى كۆرگەزمىسى ۋە كومبايىن زاۋۇدىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بارغانلا يېرىدە قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى. ئۆمەك باشلىقى ئابدۇللا كىركى داموللا مۇنداق

دېدى: "جۇڭگو خەلقى ئەمگەكچان ۋە باتۇر خەلق، خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ. پاكىستان خەلقى ئەزەلدىنلا جۇڭگو خەلقى قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىيات ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىرى دەپ قاراپ كەلدى ۋە بۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كەلدى." ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: "پاكىستان خەلقى جۇڭگو مەھسۇلاتلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. بىز ھەج-تاۋاپ قىلىشتا جۇڭگودا ئىشلەنگەن جەينىماز ۋە گىلەمنى ئىشلىتىشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمىز."

قەشقەر قەدىمقى يىپەك يولىدىكى پاقىراپ تۇرىدىغان گۆھەر ھېساپلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئىسلام دىنى شىنجاڭغا ھەممىدىن بۇرۇن كىرگەن يەرلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. پاكىستانلىق ئاتاقلىق شائىر ئالىم ئىقبال ئۆزىنىڭ شېئىرىدا قەشقەر ئۈستىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

نىل دەرياسى بويلىرىدىن تاكى قەشقەرغىچە،
مۇسۇلمانلار قوغدايدۇ ئۇلۇغ مەسچىت ھەرەمنى.

شۇڭا، قەشقەر مېھمانلارنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلدى. 11-ئاينىڭ 22-كۈنى، مېھمانلار قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ، ئۆز ئارمانىغا يەتتى. چۈنكى بۇ قەشقەرنى زىيارەت قىلغان بىرىنچى پاكىستان ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بەكمۇ پەخىرلەندى ۋە خۇشال بولدى.

مېھمانلار ئاپپاق غوجا قەۋرىسى ۋە ئاتاقلىق ھېيتكا جامەسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۆمەك باشلىقى ئابدۇللا كىركى ھېيتكا جامەسىنىڭ ئىمامى قاسىم قارى ھاجىغا قۇرئان كېرىم تەقدىم قىلدى. قىزىق يېرى شۇكى، قاسىم قارى ھاجى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سەيىد مۇھەممەت رازىنىڭ 40-يىللاردىكى كونا ساۋاقدىشى ئىكەن. قاسىم قارى ھاجى لاھور ۋە ھىندىستاندا ئوقۇغاندا، سەيىد مۇھەممەت رازى بىلەن بىرلىكتە بىر مەكتەپتە ئوقۇپ، بىر ئۇستازدىن ساۋاق ئالغان. كونا ساۋاقداشلار ئۇچرىشىپ ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇلار ئۇردۇ تىلىدا ئىلگىرىكى دوستلۇقى ئۈستىدە بەھوزۇر مۇڭداشتى. قاسىم قارى ھاجى سەيىد مۇھەممەت رازىغا ئۆزى 80 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمى ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقانلىقى، تۇرمۇش جەھەتتە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى، سەيىد مۇھەممەت رازى بۇنىڭدىن بەك خۇرسەن بولدى.

ئۆمەك باشلىقى ئابدۇللا كىركى مۇنداق دېدى: "قەشقەردىكى قەدىمىي تارىخىي ئاسارە-ئەتىقىلەر ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە، بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىز ھەقىقەتەن بۇ يەرنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ."

ھاۋا مۇناسىۋىتى بىلەن، مېھمانلار قەشقەرگە بېرىپ-كېلىشتە 2 كۈن كېچىكىپ كەلگەچكە، شاڭخەينى زىيارەت قىلىشتىن ۋازكېچىشكە توغرا كەلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شېن شياشى بۇنىڭ ئۈچۈن مېھمانلاردىن ئەپۇ سورىدى. ئۆمەك باشلىقى ئابدۇللا كىركى مۇنداق دېدى: "ھېچ گەپ يوق، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ ھەر بىر غېرىچ يېرى قەشقەر، شاڭخەي."

پاكىستان ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق زىيارىتى جۇڭگو-پاكىستان

www.uyghurkitap.com

# لىۋىيە قىرائەت ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

ما شەنيى

مۇھەممەت ئابدۇقادىر قەندۇز ۋە ۋانىس مۇھەممەت زابىرلاردىن تەشكىل تاپقان لىۋىيە قىرائەت ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، 1983 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئېلىمىزدە دوستانە زىيارەتتە بولدى. ئۇلار بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى مەسچىتلەردە ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقىدى، قىرائەت قىلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلدى، شۇنىڭدەك جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىدا ۋە بېيجىڭ دۇڭسى مەسچىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى بۇرھان شەھىدى خەلق زالىدا قىرائەت ئۆمىكى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشۈپ، قۇندۇز ۋە ۋانىسلار بىلەن دوستانە پاراڭلاشتى. قىرائەت ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولغان مەزگىللەردە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇلارغا زىياپەت بەردى، لىۋىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق خەلق ئىش باشقارمىسىمۇ قىرائەت ئۆمىكىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەشەككۈر زىياپىتى بەردى. قىرائەت ئۆمىكى يەنە سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، مەشھۇر يادىكارلىقلارنى سەيلە قىلدى. ئۇلارنىڭ زىيارىتى ناھايىتى ئۇنۇملۇك بولدى، قۇندۇز مۇنداق دېدى: "بۇ قېتىم بىز جۇڭگوغا كېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودىكى ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆردۇق، بىز جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقىدىن بەكمۇ مەمنۇن، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق ھۆكۈمىتى بارلىقىدىن پەخىرلىنىشى كېرەك، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە پەرمانلىرى تەرىپىدىن قوغدىلىدىكەن."

---

خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستلۇق تارىخىغا بىر يېڭى سەھىپە قوشتى. خۇددى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بىر ئەزاسى ئېيتقىنىدەك: "جۇڭگو بىلەن پاكىستاننىڭ تۇپرىقى ئوخشاش بولمىسىمۇ، قەلبىمىز ئوخشاش." ئۇلار يەنە مۇنداق دېيىشتى: "دوستلۇق دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇنى دائىم سۇغىرىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز 2 مەملىكەتنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ئۆزئارا زىيارەت قىلغانلىقى دوستلۇق دەرىخىنى سۇغارغانلىق بولىدۇ. بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پاكىستاننى زىيارەت قىلىشىنى كۈتىمىز."

# كۇۋەيت دىنىي ئىشلار فوندى ۋە ئىسلام ئىشلىرى ۋەزىرى جاسىر جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

لۇ جىنگۇاڭ

1

گوۋۇيۇەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، كۇۋەيت دىنىي ئىشلار فوندى ۋە ئىسلام ئىشلىرى ۋەزىرى ئەھمەت سەيىد جاسىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ جەمى 3 كىشى 1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئېلىمىزدە بىر ھەپتە رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى. ۋەزىر جاسىر كۇۋەيتنىڭ (تاشقى ئىشلار مىنىستىرىغا ۋاكالىتەن داككادا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام ئەللىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىشىدا كېيىن، ئېلىمىزنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن.

جاسىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بېيجىڭدا بولغان چاغلىرىدا، گوۋۇيۇەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋەن لى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى. مۇئاۋىن زۇڭلىيىمىز ۋەن لى ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن كەلگەن مېھمانلارغا ئاساسىي قانۇنىمىزدا بەلگىلەنگەن مىللىي باراۋەرلىك - ئىتتىپاقلىق ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تونۇشتۇردى، ۋەزىر جاسىر مۇئاۋىن زۇڭلىيىمىز ۋەن لىگە كۇۋەيت ئەمىرى ۋە سابىق جەمەتىنىڭ شۇنىڭدەك كۇۋەيت خەلقىنىڭ سالامىنى يەتكۈزۈپ، كۇۋەيت بىلەن جۇڭگونىڭ دوستلۇق - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندۇرۇش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: "بىز كۇۋەيت - جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىمىز، جۇڭگو بىلەن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ھەمكارلىشىشنى خالايمىز." مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ جىڭرېن ۋەزىر جاسىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى خەلق داخۇيتاڭنىڭ شىنجاڭ زالىدا قوبۇل قىلدى ھەم ئۇلارغا زىياپەت بەردى. ۋەزىر جاسىر مۇئاۋىن رەئىس ياڭ جىڭرېنغا مېنىڭ بۇ قېتىم جۇڭگونى زىيارەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىشقا كېلىشتىكى ۋەزىپەم "كۇۋەيت-جۇڭگو
مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى
كۈچەيتىشتىن ئىبارەت" دېدى. كۇۋەيتلىك مېھ-
مانلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى
بىلەن كۆرۈشتى، ئىككى تەرەپ سەممىي، دوستانە
ھالدا سۆھبەتلەشتى، ئىككى دۆلەت مۇسۇلمان-
لىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە قېرىنداشلارچە
دوستلۇغى چوڭقۇرلاشتى.

مېھمانلار بېيجىڭ، شىئەن، شاڭخەي قاتار-
لىق 3 شەھەرنى زىيارەت قىلغان مەزگىللەردە،
ھەممىشە، ئالدى بىلەن، ئىسلام جەمئىيەتلىرى
ۋە مەسچىتلەرنى زىيارەت قىلدى. ئۇلار زور
قىزىقىش بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستى-
تۇتى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى ۋە
يېزىنىڭ سانائەت-توقۇمىچىلىق سانائىتى كارخا-
نىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە داڭلىق
ئاسارە-ئەتىقىلەرنى سەيلە قىلدى. ۋەزىر جاسىر
ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى بارغانلا يېرىدە ھۆكۈمە-
تىمىزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە جۇڭگو
خەلقى، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن
قىزغىن، دوستانە كۈتۈۋېلىندى. ۋەزىر جاسىر
قىزىقارلىق قىلىپ مۇنداق دېدى: كۇۋەيت
ھازىر ياز پەسلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ھاۋا بەك ئىس-
سىق؛ سىلەرنىڭ بۇ يەر بولسا قىش پەسلىدە
تۇرۇۋېتىپتۇ، ئەمما سىلەرنىڭ كۈتۈشۈڭلار
بەك قىزغىن بولغاچقا، بىز سوغاق ھېس
قىلمىدۇق.

## 2

كۇۋەيت ۋارىسلىق تۈزۈمى يولغا قويۇل-
دىغان ئەرەپ خەلىپىلىگى بولۇپ، مىلادى 7-
ئەسىردىلا ئەرەپ ئىمپېرىيىسىگە تەۋە بولغان.
1765-يىلى پۈتۈن كۇۋەيتنىڭ نوپۇسى ئاران
10 مىڭ بولۇپ، ئۇلار سودىگەرچىلىك قىلىش،
بېلىق تۇتۇش ۋە مەرۋايىت تېرىشكە تايىنىپ
تىرىكچىلىك قىلغان. 1871-يىلى تۈركىيە
ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ناھىيىسىگە ئايلى-
نىپ قالغان، ئەنگلىيە كۈچلىرى تاجاۋۇز قىلىپ
كىرگەندىن كېيىن، 1939-يىلى ئەنگلىيىنىڭ
"ھامىيلىغىدىكى دۆلەت" كە ئايلىنىپ قالغان.
1961-يىلى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن،
نېفىت سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ،
كۆلىمى ئاران 17 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر
كېلىدىغان، ئاران 1 مىليون 350 مىڭ نوپۇسى
بار (1980-يىللىق مەلۇمات) بۇ كىچىك دۆلەت
دۇنياغا مەشھۇر، يۈكسەك دەرىجىدە پاراۋانلاش-
قان دۆلەتكە ئايلاندى ھەمدە ئەرەپ دۇنياسىدا
ۋە خەلقارا سىياسى سەھنىدە مۇھىم رول ئوينا-
ۋاتىدۇ ۋە ئۆزگىچە ئورۇنغا ئىگە.

"نېفىت ئۈستىدە لەيلەپ يۈرىدىغان دۆلەت"
دەپ ئاتالغان كۇۋەيتنىڭ نېفىت بايلىقى ئىنتا-
يىن مول، ئۇنىڭ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 9
مىليارد 600 مىليون توننا بولۇپ، كاپىتالىزم
دۇنياسى نېفىت زاپىسىنىڭ 10.4 پىرسەنتىنى
ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭ 1979-يىللىق نېفىت مەھ-

سۈلاتى 130 ملىيون تونىنا بولۇپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەر ئىچىدە ئۈچىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. كۇۋەيتنىڭ نېفىتتىن كىرگەن كىرىمى 1980-يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئادەم بېشىغا 17 مىڭ نەچچە يۈز ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كېلىپ، ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. كۇۋەيتنىڭ 1962-يىلى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇنىدا، ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى دەپ بەلگىلەنگەن. 1971-يىلدىكى ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، پۈتۈن كۇۋەيتتە جەمئىي 69 مەسچىت بار ئىكەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۇۋەيت ھۆكۈمىتى يەنە ھەرقايسى جايلاردا بىرمۇنچە مەسچىت سالدۇرغان بولۇپ، ھەر بىر مەسچىتتە كەم دېگەندە 4 ئۆلىما بار ئىكەن. ئىسلام ئۆلىمالىرى كۇۋەيتتە خېلى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىكەن. كۇۋەيت مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىكەن، ئاندىن قالسا شىئە مەزھىپى ئىكەن. يەنە ھەنبەلى مەزھىپى، شافىئى مەزھىپى ۋە مالىك مەزھىپىگە ئوخشاش مەزھەپلەرمۇ بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئاز ساندا ھەنەفى مەزھىپىدىكىلەرمۇ بار ئىكەن. شىئە مەزھىپىدىكىلەر يەنە ئاسۇلىيون، ئەخبارىيون ۋە شەيخىيە قاتارلىق 3 مەزھەپكە ئايرىلىدىكەن.

كۇۋەيت مۇھىم دېڭىز بوغۇزى دۆلەتلىرىدىن بىرى. ئۇ تاشقى جەھەتتە دۆلەتنىڭ مۇستەققىللىقىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قەتئىي قوغداش، بىتەرەپ تۇرۇش ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك، ئەرەپ ئەللىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تەشەببۇس قىلىش، پەلەستىن خەلقىنىڭ ھەققانىي كۆرىشىنى قوللاش، دېڭىز بوغۇزى رايونىدىكى ئەللەرنىڭ ھەمكارلىقىنى تەشەببۇس قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويىدى. جۇڭگو-كۇۋەيت خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى دوستلۇق مەۋجۇت، 1971-يىل 3-ئاينىڭ 22-كۈنى ئىككى دولەت رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ھەمكارلىق ۋە ئىككى دۆلەت خەلقى ھەم مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىش بارغانسېرى كۈچەيدى. ۋەزىر جاسىر دەل ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتى كۈنسېرى راۋاجلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئېلىمىزنى دوستانە زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى.

3

1977-يىلى جاسىر كۇۋەيت مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ياردەمچى ئەمەلدارى بولۇپ تۇرغان چېغىدا، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ جۇڭگونى زىيارەت

قىلغان بولۇپ، ئۇ جۇڭگوغا بولغان دوستلۇق مۇھەببىتى بىلەن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى 1981-يىلى دىنىي ئىشلار فوندى ۋە ئىسلام ئىشلىرى ۋەزىرى بولغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم چەتكە زىيارەتكە چىقىشى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگونى يەنە زىيارەت قىلىمەن دېگەن ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى. زىيارەت داۋامىدا، ۋەزىر جاسىر كۇۋەيت ھۆكۈمىتىنىڭ كۇۋەيت-جۇڭگو ھۆكۈمەتلىرى، خەلقلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقايسى ساھەلەردىكى دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. جاسىر دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سىياسىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەپ مۇنداق دېدى: جۇڭگو-چوڭ دۆلەت، لېكىن ئۇ ھەرگىز باشقىلارنىڭ بىر غېرىچ يېرىنىمۇ بېسىۋالمىدى، جۇڭگو ئەرەب خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى، قوللىغاندىمۇ سەمىمىي قوللاپ كەلدى، جۇڭگو ئۈچىنچى دۇنيادا مۇھىم رول ئوينىماقتا. ئۇ مۇنداق دېدى: كۇۋەيت بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل ئەرەب ئەللىرىنىڭ دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە ۋەكىللىك قىلماقتا. كۇۋەيتمۇ جۇڭگوغا ئوخشاشلا، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئەرەب خەلقىنىڭ ھەققانىي ئىشلىرىنى قوللاش جەھەتلىرىدە دۇنياۋى رول ئوينىماقتا.

ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەت داۋامىدا، جاسىر ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە شانلىق مەدەنىيىتىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختىدى، ئۇ شىئەندە قونچاق ئەسكەرلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغان چېغىدا، ناھايىتى يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن كۆرۈپ، دۇنيادىكى سەككىزىنچى مۆجىزىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن شەرەپلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگو خەلقى قالتىس خەلق ئىكەن، چىن شىخۇاڭ دەۋرىدە، دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرى تېخى نادانلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، جۇڭگو مەدەنىيەت، ئىستېتىكا ۋە ساپالچىلىق تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇشۇنچىۋالا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن ئىكەن؛ مەن ئىشىنىمەنكى، ھازىرقى جۇڭگو سىياسىي، دىپلوماتىيە جەھەتلەردىلا ئەمەس، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ چوقۇم قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ چىقالايدۇ.

ۋەزىر جاسىر جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدىكەن، ئۇ بارغانلا يېرىدە، ھەممىشە قىزغىن ھالدا، ئالدى بىلەن، شۇ جايدىكى ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى زاتلىرى بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، ئۆزئارا دوست-

لۇق ئىزھار قىلىشتى. ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ ھەم-
راھلىرى جۇڭگوغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى،
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ
ھەمراھلىقىدا نيۇجيې مەسچىدىگە بېرىپ بېيجىڭ-
لىق مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە جۈمە نامىزى
ئوقۇپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان
كۈنىنى بىللە خاتىرىلىدى. ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ
ھەمراھلىرى شىئەن شەھىرىدىكى خۋاجۆ
مەسچىتىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغان چېغىدا،
جۇڭگو مەسچىتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس راۋاقلىق
بىنا شەكلىدىكى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا
قىزىقتى، ئېكىسكۇرسىيە ئەسلىدە يېرىم سائەت
قىلىپ يورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، نەتىجىدە
ئۇ كەتكۈسى كەلمەي، ۋاقىتنى قايتا-قايتا
كەينىگە سۈرۈپ، چۈش بولغاندا قايتتى.
ئۇلار بۇ ھەيۋەتلىك قەدىمىي مەسچىتنىڭ
رېمونت قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەسچىت-
نىڭ ئىمامى ما لياڭجىغا كۈۋەيتكە قايتقاندىن
كېيىن مەسچىتنى رېمونت قىلىشقا پۇل ئىئانە
قىلىدىغانلىقىنى، مەسچىت كۇتۇپخانىسىغا دىنىي
كىتابلارنى ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
كۈۋەيتلىك مېھمانلار كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىغا
ئاساسەن، ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھازىرقى
ئەھۋالىدىن رازى بولغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈش-
تى، ئۇلار يەنە ئايروپىلان ئۈستىدىكى ۋاقىت-
تىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى
(ئەرەبچە) كۆرۈپ، ئېلىمىزنىڭ يولغا
قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇنىدىكى مىللىي بارا-
ۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە دىنىي ئېتىقات ئەر-
كىنلىكى سىياسىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە دائىر
بەلگىلىمىلەرنى ماختاشتى.


## 4

ۋەزىر جاستىر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، شەنشى
ئۆلكىلىك ۋە شاڭخەي شەھەرلىك ئىسلام جە-
مئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى زىيارەت قىلغان
چاغلىرىدا، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم جۇڭگونى زىيا-
رەت قىلىشتىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئىككى دۆلەت
ئىسلام دىنى ئورگانلىرىنىڭ ئىسلام دىنى
ئىشلىرى ساھەسىدىكى دوستلۇق-ھەمكارلىقىنى
كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن
قېتىم تىلغا ئالدى. ئۇ شاڭخەيدىن ۋەتىنىگە
قايتىش ھارپىسىدا، پۈتۈن ئېكىسكۇرسىيە-
زىيارەت داۋامىدا ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى
بىلەن بىللە بولغان گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار
ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەن ياۋبىن
ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندا، ئىككى دۆلەت
ھۆكۈمەتلىرىنىڭ دىنىي ئىشلار تارماقلىرى ئوت-
تۇرىسىدىكى دوستلۇق-ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش
يولىدا تىرىشىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىت-
لىدى ھەمدە ھەمكارلىشىشقا دائىر بەزى كون-
كرېت مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇنى
قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ قېتىم جۇڭگونى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

زىيارەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جاسىر جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى، بېيجىڭدىكى چېغىدا ئۇ مۇئاۋىن زۇڭلى ۋەن لى، مۇئاۋىن رەئىس ياڭ جىڭرېن، مۇدىر جاڭ جيېلەرگە رەھمەت خېتى يازدى. جاسىر ۋەتىنىگە قايتىپ بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىپ، مۇخبىرلارغا مۇنداق دىگەن: "جۇڭگودا، مەن بېيجىڭ، شىئەن ۋە شاڭخەيلەردە زىيارەتتە بولدۇم، بارغانلا يېرىمدە، شۇ يەردىكى خەلقلەر، مەسئۇل كىشىلەر ۋە ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم." ئۇ يەنە مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ ۋە ھەمراھلىرىنىڭ بېيجىڭدىكى بىر مەسچىتكە بېرىپ جۈمە نامىزى ئۆتكەنلىكىنى خوشاللىق بىلەن ئۇقتۇرغان. ئۇ مۇنداق دەپ تونۇشتۇرغان: "جۇڭگونىڭ 1982-يىلى ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن، مۇسۇلمانلار دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىگە ئىگە بوپتۇ. جۇڭگودا ھازىر 20 نەچچە مىڭ مەسچىت بار ئىكەن. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئىسلام دىنىغا دائىر بەزى كىتاپلارنى نەشر قىلىپتۇ، ئۆزىنىڭ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» دىگەن مەخسۇس ژورنىلى بار ئىكەن. بېيجىڭدا ئالىي مەكتەپكە تەڭ كېلىدىغان 5 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ كەسپىي خادىملىرى يېتىشتۈرۈلىدىكەن." ئۇ يەنە مۇخبىرلارغا كۆۋەيتنىڭ مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش، ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىش، شۇنىڭدەك ئىسلام كىتاپلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا زىيارەت قىلىش قاتارلىق جەھەتتە ھەمكارلاشماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ۋەزىر جاسىر مۇخبىرلارغا مۇنداق دىگەن: مېنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، مېنىڭ زىيارىتىم كۆۋەيت بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋە خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە پايدا يەتكۈزگۈسى.



مۇئاۋىن زوڭلى ۋەن لى ۋەزىر جاسىر بىلەن سەمىمىي سۆزلەش-مەكتە.



مۇئاۋىن زوڭلى ۋەن لى ك
ۋەيتنىڭ ۋەزىرى جاسىر
ئۇنىڭ ھەمرالىرى بىلە
بىللە رەسىمگە چۈشتى.



مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلى-ھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ جىڭرېن ۋەزىر جاسىر قاتارلىق مېھمانلار بىلەن سۆزلەشمەكتە.



مەملىكەتلىك سىياسىي مەسل
ھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋ
رەئىسى ياڭ جىڭرېن ۋەز
جاسىر ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىر
بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشتى-

www.uyghurkitap.com

بۇ ژۇرنالنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى خوجائابدۇللا ئوسمان، ئوسمان مۇللەك، تۇرغۇنجان سۇلتان، ما شىڭرېن، ئالىمجان سابىت ئىشلىدى


中国穆斯林（维吾尔文版）1984年 **第2期**（总15期）　　جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1984-يىل 2-سان

**出版：** 中国穆斯林编辑部
地址：北京宣武区南横西街103号

**印刷：** 民族印刷厂

**制版：** 北京市制版厂

**订购发行：** 北京伊斯兰教经书流通处
地址：北京宣武区南横西街103号

نەشر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103-قورا)

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇدى

تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتاپلىرىنى سېتىش ئورنى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103-قورا)

北京市期刊登记证第837号　　·公开发行·　　**每册定价：0.30元**